مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# ميراس

# 美拉斯

# MIRAS

5
2007

ISSN 1004-3829

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2007 - يىللىق
# «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى»










ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2007 ـ يىل 5 ـ سان

(ئومۇمىي 103 ـ سان)



## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

دۇنيانىڭ يارالمىش ئەپسانىسى ......... تۈركچىدىن يۈسۈپ ئىسھاق (ت) (1)

## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە ۋە پەرزەنت ھەققىدىكى قاراشلىـ
رى.......................................... نۇر يۇنۇس (6)

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

بوستان چاچ ئويۇنى ........................................ (16)
يارغۇنچاق ئويۇنى ........................ مۇھەممەد ئابلىز بۆرەيار (18)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش يوسۇنى ........................ ئانارگۈل باقى (60)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

فارابىنىڭ تەنھالىق ئىستىكى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا تارىخىمىزدىكى ئورنى ........
.......................................... زىمىننىسا مۇھەممەد ئەيسا (20)
سەرراپلىق ................................................................ (24)
توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق ..................... بۈمەريەم شېرىپ خۇشتار (25)
مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-
راسلىرىنى قوغداشتىكى ئۇسۇلى ۋە رولى ..........................................
.......................................... ئا. مىجىت، ئى. ق. ئەركىزات (26)
«قەشقەر» نى ئىزدەپ ................................ ئۆمەرجان ئىمىن (31)
ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى... ئۆمەرجان سىدىق (65)

باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
Fax: (0991) 4554015
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
**E-mail:** mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**بىزنىڭ ئۆرانىمىز — مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت!**

**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز — ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت!**

## كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۈق

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار توغرىسىدا ........................ ئادىل غاپپار كارىزى (47)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

مەن ئوقۇغۇچى.................................................... (57)
ئۆگىنىش مېنىڭ بارلىقىم ........................... ۋاڭ مېڭ (62)

## ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مە-راسلىرى تىزىملىكىگە تۇنجى تۈركۈمدە كىرگەن تۈرلەر ۋە ئۇنى قوغداشقا مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى................................ (69)
ئاپتور، ئەسەر، مۇھەررىر ............................... ئەزىزى (75)

## 主要目录

创世神话 ........................................ 玉素甫·依莎克译 (1)
玉素甫·哈斯·哈吉甫针对家庭和子女教育观点 .................. 努尔·尤奴斯 (6)
文化人类学在抢救口头非物质文化遗产的方法和作用 ...................... 阿布都克尤木·米吉提，依德里斯·库迪鲁斯·艾尔克扎提 (26)
寻找喀什 ........................................ 吾买尔江·依明 (31)
论维吾尔神话中的传统生态观 ........................ 阿地力阿帕尔·喀里孜 (48)
维吾尔族见面礼 ........................................ 阿娜尔古丽·巴克 (61)

مۇقاۋىنى ئەزىزە تۇيغۇن لايىھىلىگەن، مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى يۈسۈپجان تۇرسۇن تارتقان.
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارۇپ

Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Muhtar Muhammed

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 17 ـ قۇرۇلتىيىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن كۈتۈۋالايلى!**

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**

主编:
**玉素甫·依莎克**
副主编:
**穆合塔尔·穆罕默德**
责任编辑:
**穆合塔尔·穆罕默德**

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话:(0991)4554017
传真:(0991)4554015
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
716# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Fax: (0991) 4554015
Price: 5¥

# دۇنيانىڭ يارالمىش ئەپسانىسى



بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا دۇنيا پۈتمىگەندە، پەقەت سۇلا بارمىش. تۇپراق، كۆك، قۇياش، ئايلار يوقمىش. تەڭرى بىلەن «كىشى» ئاتلىق بىرى بار ئىكەن. بۇلار قارا غاز شەكلىگە كىرىپ سۇ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەرمىشكەن. تەڭرى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىكەن. «كىشى» شامال چىقىرىپ سۇنى دولقۇنلىتىپ، تەڭرىنىڭ يۈزىگە سۇ سىپىپتۇ. بۇ كىشى ئۆزىنى تەڭرىدىن ئۇلۇغ ساناپ، سۇنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇۋېرىپتۇ، كېيىن نەپەسى بوغۇلۇپ:

—تەڭرىم، مېنى قۇتقۇزۇۋال!—دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. تەڭرى:

—سۇدىن چىق!—دەپتۇ. كىشى سۇدىن چىقىپتۇ، تەڭرى شۇنداق بۇيرۇپتۇ:

—قاتتىق بىر تاش بولسۇن!—سۇنىڭ ئاستىدىن بىر تاش چىقىپتۇ. تەڭرى بىلەن كىشى تاشتا ئولتۇرۇپتۇ. تەڭرى كىشىگە:

—سۇغا شۇڭغۇ، تۇپراق ئېلىپ چىق!—دەپتۇ. كىشى سۇنىڭ ئاستىدىن تۇپراق ئېلىپ چىقىپ تەڭرىگە بېرىپتۇ. تەڭرى بۇ تۇپراقنى سۇ يۈزىگە قويۇپ:

—يەر بولسۇن!—دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەر يارىتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى كىشىگە يەنە:

—سۇغا شۇڭغۇ، تۇپراق ئېلىپ چىق!—دەپتۇ. كىشى سۇغا شۇڭغۇپتۇ ۋە ئۆزىمۇ ئۇچۇنمۇ تۇپراق ئالاي، دەپ ئويلاپ، ئىككى قولىغا تۇپراق ئېلىپ، بىر قولىدىكى تۇپراقنى ئۆز ئالدىغا بىر ئىش قىلىپ كۆرمەك بولۇپ، ئاغزىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ، تەڭرىگە ئوخشاش يەر يارىتىشنى ئويلاپتۇ. بىر قولىدىكى تۇپراقنى تەڭرىگە بېرىپتۇ. تەڭرى بۇ تۇپراقنى چېچىپتۇ، قاتتىق يەر پەيدا بوپتۇ. كىشى ئېغىزىغا سېلىۋالغان تۇپراق يوغىناشقا باشلاپتۇ. كىشىنىڭ دېمى بوغۇلۇپ، ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇ. كىشى بۇنى تەڭرىگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، تەڭرىدىن يىراق تۇرماق بوپتۇ. بىراق، نەگە قارىسا، تەڭرى شۇ يەردە تۇرغان. كىشىنىڭ دېمى كېسىلىپ:

—ئاھ تەڭرى، ئۇلۇغ تەڭرى، ماڭا ياردەم قىل!—دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا:

—نېمە قىلىق بۇ، ئاغزىمدا تۇپراق ساقلايمەن، دەپ ئويلىدىڭمۇ، بۇ تۇپراقنى نېمىگە يوشۇرۇۋالدىڭ؟—دەپ سوراپتۇ. كىشى جاۋاب بېرىپ:

—مەنمۇ يەر ياراتاي، دەپ بۇ تۇپراقنى ئاغزىمغا يوشۇرۇۋالغانىدىم،—دەپتۇ.

تەڭرى ئۇنىڭغا:

—ئاغزىڭدىكى تۇپراقنى تۆكەر!—دەپتۇ. كىشى تۇپراقنى تۆكۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇ تۆكۈرۈكلەردىن كىچىك - كىچىك تۆپىلىكلەر پەيدا بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى يەنە مۇنداق دەپتۇ:

—سەن ئېغىر يازۇقلۇق (گۇناھكار) بولدۇڭ. ماڭا يامانلىق سانىدىڭ. ساڭا ئېۋىنىدىغان ئۇلۇسلارنىڭمۇ كۆڭلى قارا بولىدۇ. ماڭا ئېۋىنىدىغان ئۇلۇسلارنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ ئارىغ (ساپ)، ئاق بولىدۇ؛ ئۇلار قۇياش، ئايلار - يورۇقلۇقلارنى كۆرەلەيدۇ. مەن ھەققەتەن قۇربىستان ئاتىقنى ئېلىشىم كېرەك. سېنىڭ ئېتىڭ ئەر-

www.uyghurkitap.com





لىك بولسۇن؛ يازۇق ـ قىلمىشلىرىنى مەندىن يوشۇرغانلار سېنىڭ ئۇلۇسۇڭ بولسۇن؛ يازۇق ـ قىلمىشلىرىنى سەندىن يوشۇرغانلار مېنىڭ ئۇلۇسۇم بولسۇن!ــــ دەپتۇ.

شاخ ـ پۇتاقسىز بىر دەرەخ پەيدا بولۇپتۇ. تەڭرى بۇنى كۆرۈپ:

ــــ شاخ ـ پۇتاقسىز يالغۇز دەرەخ يېقىمسىز بولىدىكەن، بۇ دەرەخكە توققۇز تال شاخ چىقسۇن ــــ دەپتۇ. توققۇز تال شاخ چىقىپتۇ، تەڭرى يەنە شۇنداق دەپتۇ ــــ توققۇز شاخنىڭ ئۇچىدا توققۇز كىشى تۆرەلسۇن ۋە ئۇلاردىن توققۇز ئۇلۇس تارالسۇن!

شۇ چاغدا ئەرلىك بىر توپ كىشىنىڭ سۆرەن ـ چۇقانلىرىنى ئىشىتىپ تەڭرىدىن:

ــــ بۇ نېمە سۆرەن ـ چۇقاندۇر؟ ــــ دەپ سوراپتۇ. تەڭرى:

ــــ سەنمۇ بىر خاقاندۇرسەن، مەنمۇ بىر خاقاندۇرمەن. بۇ سۆرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان ئەل مېنىڭ ئۇلۇسۇمدۇر،ــــ دەپتۇ. ئەرلىك:

ــــ بۇ ئەلنى ماڭا بەر،ــــ دەپتۇ. تەڭرى:

ــــ ياق، ساڭا بەرمەيمەن، سەنمۇ ئۆز كۆڭلىڭنى ئۆزۈڭ ئال،ــــ دېگەنىكەن، ئەرلىك ئۆز ـ ئۆزىگە:

ــــ بولدى، بولدى، تەڭرىنىڭ ئۇلۇسلىرىنى بىر كۆرۈپ باقايچۇ،ــــ دەپتۇ. ئەرلىك يۇرە ـ يۇرە ئۇ يەرگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە كىشلەرنى، يىرتقۇچلارنى، قۇشلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ تۈرلۈك تىنىقلىق ـ تىنىقسىز ياراتمىشلارنى كۆرۈپتۇ. ئەرلىك:

ــــ تەڭرى بۇلارنى قانداق ياراتقاندۇ؟ بۇلارنىڭ بارلىقىنى ئالىمەن دېسەم، قانداقمۇ قىلۇرمەن، بۇنچىۋالا كىشىنى قانداقمۇ باقۇرمەن؟ــــ دەپ ئويلاپتۇ. ئەرلىك بۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ بىر يېمىشلىك دەرەخنىڭ بىرلا تەرىپىدىكى يېمىشلەرنى يەپ، يەنە بىر تەرىپىدىكى يېمىشلەرنى يېمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــــ سىلەر نېمىشقا بىرلا تەرەپتىكى يېمىشلەرنىلا يەيسىلەر؟ــــ دەپ سوراپتۇ. بىر كىشى:

ــــ تەڭرى بىزنىڭ بۇ تۆت شاخنىڭ يېمىشىنى يېيىشىمىزنى چەكلىگەن. كۈن چىقىش تەرەپتىكى بەش شاخنىڭلا يېمىشىنى يېيىشىمىزنى بۇيرۇغان. يىلان بىلەن ئىتنى بۇ دەرەخنىڭ تۆت شېخىدىكى يېمىشلەرنى يېمەكچى بولغانلارنى توسۇشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى كۆككە چىقىپ كەتتى. بۇ بەش شاخنىڭ يېمىشلىرى بىزنىڭ ئوزۇقىمىز بولدى،ــــ دەپتۇ.

ئەرلىك بىلەن كۆرمۆس بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن، تۆرۈنگۈي دەيدىغان كىشى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا:

ــــ تەڭرى يالغان سۆزلەپتۇ، سىز بۇ تۆت شاختىكى يېمىشلەرنىمۇ يەۋېرىڭ!ــــ دەپتۇ. كۆزەتچى يىلان ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئەرلىك ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ:

ــــ بۇ دەرەخكە چىق!ــــ دەپتۇ. يىلان دەرەخكە چىقىپتۇ ۋە چەكلەنگەن يېمىشنى يەپتۇ. تۆرۈنگۈي بىلەن خوتۇنى ئەجەمۇ تەڭ كەلگەنىدى، ئەرلىك ئۇلارغا:

ــــ بۇ يېمىشلەردىن يەڭلار!ــــ دەپتۇ. تۆرۈنگۈي ئۇنىماپتۇ، پەقەت خوتۇنىلا يەپتۇ. بۇ يېمىش بەك تاتلىق تېتىپتۇ. ئۇ يېمىشنى ئېلىپ ئېرىنىڭ ئاغزىغا تىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ تۈكلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئۇلار ئۇيۇلۇپ، دەرەخنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۈپتۇ. تەڭرى كېلىپتۇ. پۈتكۈل ئۇلۇس تەڭرىدىن يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. تەڭرى:

ــــ تۆرۈنگەي، تۆرۈنگەي! ئەجە، ئەجە! نەدە سىلەر؟ــــ دەپ قىچقىرىپتۇ. ئۇلار:

ــــ دەرەخ ئاستىدا بىز، ساڭا كۆرۈنۈشتىن ئۇيلىمىز،ــــ دەپتۇ.

يىلان، ئىت، تۆرۈنگەي، ئەجەلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قىلمىشنى بىر ـ بىرىگە ئارتىشىپتۇ. تەڭرى يىلانغا:

ــــ ئەمدى سەن كۆرمۆس (شەيتان) بولدۇڭ. كىشىلەر ساڭا ياغى بولسۇن، ئۇرسۇن، ئۆلتۈرسۇن،ــــ دەپ، ئاندىن ئەجەگە:

ــــ چەكلەنگەن يېمىشنى يېدىڭ، كۆرمۆسنىڭ سۆزىگە كىردىڭ، شۇڭلاشقا سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قات بولىسەن، بالا تۇغىسەن، تۇغۇتنىڭ تولغاق ـ سانجىق ئازابلىرىنى تارتىسەن، كېيىن ئۆلىسەن،ــــ دەپتۇ. ئاندىن تۆرۈنگۈيگە شۇنداق دەپتۇ:

ــــ كۆرمۆسنىڭ يېمىشنى يېدىڭ، مېنىڭ گېپىمگە كىرمىدىڭ، شەيتاننىڭ گېپىگە كىردىڭ، ئۇنىڭ سۆزىگە كىرگەنلەر ئۇنىڭ ئېلىكىدە ياشايدۇ، مېنىڭ يورۇقىمنى

كۆرەلمەيدۇ. قاراڭغۇ دۇنيادا ياشايدۇ. شەيتان ماڭا ياغى بولدى. سەنمۇ ئۇنىڭغا ياغى بولسەن. مېنىڭ گېپىمگە كىرگەن بولساڭ، ماڭا ئوخشاش بولاتتىڭ. ئەمدى سېنىڭ توققۇز ئوغلۇڭ، توققۇز قىزىڭ بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مەن كىشى ياراتمايمەن. كىشلەرنى سەن تۆرەلدۈرىسەن.

تەڭرى شەيتانغا:

— سەن كىشلەرنى نېمىشقا ئازدۇردۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شەيتان:

— مېنىڭ تىلىگىنىمنى سەن بەرمىدىڭ. شۇڭا ئوغرىلىقچە ئېرىششكە بەل باغلىدىم، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق ئېرىشىمەنكى، ئاتلىق قاچسا، يىقىتىپ ئېرىشىمەن، سۇغا كىرسىمۇ، دەرەخكە چىقىۋالسىمۇ، يەنە بەربىر تىلىگىمگە ئېرىشمەي قويمايمەن، — دەپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئۈچ قات يەرنىڭ ئاستىدا، ئاي ۋە قۇياش بولمىغان بىر قاراڭغۇ دۇنيا بار. مەن سېنى شۇ يەرگە تاشلايمەن، — تەڭرى ئاندىن كېيىن كىشلەرگىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگىمۇ يېمەك بەرمەيمەن، كۆنگۈلارنى ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىپ ئېلىڭلار. سىلەر بىلەن سۆزلەشمەيمەن. سىلەرگە مايتەرەنى ئەۋەتىمەن.

مايتەرە كەلدى، كىشلەرگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. هارۋا ياسىدى. ئاش ئېتىدىغان كۆكتات (ئارپا، تۇرۇپ، شەكەر قومۇشى، پىيازگۈل ۋە پىياز) يېتىشتۈرۈشنى ئۆگەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شەيتان:

— هەي، مايتەرە، ئەمدى مېنىڭ ئۈچۈن تەڭرىگە يالۋۇر، مەن تەڭرىنىڭ قېشىغا چىقىشنى ئىستەيمەن، — دەپتۇ. مايتەرە ئەرلىك ئۈچۈن تەڭرىگە ئالتىمىش ئىككى يىل يۈكۈنۈپتۇ. تەڭرى:

— بەللى، ئەگەر ماڭا ياغى بولمىساڭ، كىشلەرگە يامانلىق سانىمىساڭ، بېرى كەل، — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرلىك كۆككە يۈكسىلىپتۇ؛ ئۇ تەڭرىنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ:

— ئەي تەڭرى! كۆك يۈزىنى يارىتىشنى ماڭا تاپشۇر! — دەپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە:

— كۆك يۈزىنى يارات، — دەپتۇ. تەڭرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەرلىك كۆك يۈزىنى يارىتىپتۇ. ئەرلىكنىڭ شەيتانلىرى ئۇ ياراتقان كۆكتە يوغناپ كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغلاردا تەڭرىنىڭ قۇلى ماندىشىرەمۇ ياشايدىكەن. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «بىزنىڭ كىشلىرىمىز يەر يۈزىدە ياشايدۇ، ئەرلىكنىڭ كىشلىرى بولسا، كۆكتە ياشايدۇ، بۇ نېمە دېگەن تەڭسىزلىك» دەپ ئويلاپتۇ. مۇشۇنداق ئويلىغان ماندىشىرە تەڭرىدىن يوشۇرۇنچە ئەرلىك بىلەن ئۇرۇشۇشقا بېرىپتۇ. ماندىشىرە ئەرلىكنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەرلىك ماندىشىرەگە ئوت بىلەن تىگىش قىلىپ، ئۇنى قوغلاپتۇ. ماندىشىرە ئۆيىگە قېچىپ كېلىپتۇ، تەڭرى ئۇنىڭدىن:

— نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ماندىشىرە تەڭرىگە:

— ئەرلىكنىڭ كىشلىرى يۇقىرىقى كۆكتە ياشايدۇ، بىزنىڭ كىشلىرىمىز يەردە ياشايدۇ، بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك! مەن ئەرلىكنىڭ كىشلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەي دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق، ئۇلارنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتكۈدەك كۈچ - قۇدرىتىم بولمىغاچقا، ئۇلارنى پەسكە چۈشۈرەلمىدىم، — دەپتۇ. تەڭرى:

— هېچكىم مەندىن كۈچلۈك ئەمەس، ئەرلىك دېگەن سەندىن كۈچلۈك، ئۇنىڭ كۆنى تېخى توشمىدى، ئۇنىڭ كۆنى توشقان كۆنى مەن ساڭا: «سەن كېتىپ تۇر»، دەيمەن، شۇ چاغدا سەن تېخىمۇ كۈچلۈك بولىسەن، — دەپتۇ.

ماندىشىرە ئاستا - ئاستا ياشىرىشقا باشلاپتۇ. ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق ياشىغاندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمدى كەت» دەيدىغان كۈنلەر كەلدى، — دەپ ئويلاپتۇ. تەڭرى ماندىشىرەگە قاراپ:

— سەن ئۇنى قوغلايسەن، ئۆز ئارزۇلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىسەن، ناھايىتى كۈچلۈك بولىسەن، مېنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇلىرىم سېنىڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر، — دەپتۇ. ماندىشىرە بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپتۇ ۋە:

— مېنىڭ قورال - ياراغلىرىم، ئوقدىنىم، نەيزە - قىلىچلىرىم يوق، پەقەت قۇرۇق قولۇملا بار، قانداق قىمەن، — دەپتۇ. تەڭرى:

uyghurkitap.com



— قانداق قىلماقچىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ماندىشرە:

— ھېچ نەرسەم يوق، ئۇنى پۇتۇم بىلەن تېپىپ، قولۇم بىلەن ئۈزىمەن، — دەپتۇ. تەڭرى:

— بۇ نەيزىنى ئال، — دەپتۇ. ماندىشرە نەيزىنى ئېلىپ، كۆككە چىقىپ ئەرلىكنى يېگىپتۇ ۋە ئۇنى قوغلاپتۇ. ئەرلىكنىڭ ئاسمىنىنى نەيزە بىلەن پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ. ئاسماندىن تاپقان نەرسىلەرنىڭ ھەر بىردىن بىردىن تېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يەر يۈزىدە يا بىر تاش، يا بىر قىيا ياكى بىر تاغ - ئورمان بولمىغان ئىكەن. ئەرلىك ياراتقان ئاسماندىن چۈشكەن نەرسىلەر يەر يۈزىگە چۈشۈشى بىلەن قىيالار، تاشلار، ئورمانلىق تاغلار، ئېگىز تاغلار ۋە تاغ چوققىلىرى پەيدا بوپتۇ. تەڭرى ياراتقان گۈزەل تۈزلەڭلىكلەر بۇزۇلۇپتۇ. شۇ سەۋەبلىك ماندىشرە ئەرلىككە بويسۇنغانلارنى يەر يۈزىگە ئېتىپتۇ. بەزىلىرى سۇغا، بەزىلىرى ھايۋانلارنىڭ ئۈستىگە، بەزىلىرى ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە، بەزىلىرى تاشلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ، بەزىلىرى مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ چاپلىشىپ ئۆلۈپتۇ، بارلىقى ئۆلۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەرلىك تەڭرىگە:

— ئاسمىنىمنى ئۆرۈۋەتتىڭ، تۇرغىدەك يېرىم يوق، ماڭا ئازراق يەر بەر، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تەڭرى:

— ياق، ساڭا يەر بەرمەيمەن! — دەپتۇ. ئەرلىك:

— ھېچبولمىغاندا بىر ئېتىزچىلىك يەر بەر، — دەپتۇ. تەڭرى:

— ياق، ساڭا يەر بەرمەيمەن، — دەپتۇ. ئەرلىك:

— ماڭا بەش غۇلاچ يەر بەر، — دەپتۇ. بەش غۇلاچمۇ يەر بەرمەپتۇ تەڭرى ئۇنىڭغا. شۇنىڭ بىلەن ئەرلىك قولىدىكى توقماقنى يەرگە پاتۇرۇپتۇ ۋە:

— ئەي تەڭرىم، مۇشۇ توقماقنىڭ ئۇچىچىلىك يەر بەر ماڭا، — دەپتۇ. تەڭرى:

— بوپتۇ، شۇ توقماقنىڭ ئۇچىچىلىك يەر ئال ئەمەسە، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەرلىك بۇ كىچىككىنە يەرنىڭ ئۈستىگە ئاسمان سېلىشقا باشلاپتۇ. تەڭرى:

— ئاستىغا چۈش، ئۇنى يەرنىڭ ئاستىغا تۇغرىلاپ سال، شۇنىڭ ئاستىغا ئاسمان سال. جەھەننەمنىڭ ئاستىغا كىر، يەرنىڭ ئاستىدا قال. ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچقاچان ئۆچمەيدىغان بىر ئوت بار، ئاي ۋە كۈننىڭ يورۇقىنى ئەسلا كۆرەلمەيسەن. ئاخىرەت كۈنى كەلگەندە سېنى سوتلايمەن. ياخشى بولساڭ قوينۇمغا ئالىمەن، ئەسكى بولساڭ يەنە قايتا خالىغانچە جازالايمەن، — دەپتۇ. ئەرلىك:

— بارلىق ئۆلۈكلەرنى ئۆز يېنىمغا ئالسام دەيمەن، — دەپتۇ. تەڭرى:

— ئۆلۈلەرنى قەتئىي بەرمەيمەن، — دەپتۇ. ئەرلىك:

— ئۇلۇغ تەڭرى مۇنداق بولسا، مەن تېۋنغۇدەك ھېچنىمە قالمىغۇدەك، يەرنىڭ ئاستىدا يالغۇز نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ. تەڭرى:

— نېمشقا بۇنى مەندىن سورايسەن، بىلگىنىڭنى قىل، ئۆزۈڭ كىشى يارات، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەرلىك تەڭرىنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ:

— رازىلىق بەرسەڭ، بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ قىلالايمەن، — دەپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىپتۇ. ئەرلىك بىر كۆرۈك ياساپ، ئاستىغا بىر قىسقۇچ قويۇپتۇ، كۆرۈكنىڭ ئۈستىگە بازغان بىلەن بىرنى ئۇرغان ئىكەن، بازغاننىڭ ئاستىدىن بىر پاقا پەيدا بولۇپتۇ، يەنە بىرنى ئۇرغان ئىكەن، بۇ قېتىم تولغىنىپ بىر يىلان چىقىپتۇ. يەنە بىر ئۇرغان ئىكەن، بىر ئېيىق چىقىپ قېچىپتۇ، يەنە بىرنى ئۇرغان ئىكەن، بىر ياۋا تۆڭگۈز چىقىپتۇ، يەنە بىر قېتىم ئۇرغان ئىكەن، ئالمىس (تۈكلۈك، ياۋۇز بىر ئالۋاستى) چىقىپتۇ، يەنە بىرنى ئۇرغان ئىكەن، سۇلۇمىش (يامان ئەرۋاھ) چىقىپتۇ، يەنە بىر ئۇرغان ئىكەن، بىر تۆگە چىقىپتۇ.

بۇ ئىشنى كۆرگەن تەڭرى ئەرلىكنىڭ كۆرۈكىنى، قىسقۇچىنى ۋە بازغىنىنى ئوتقا تاشلىۋېتىپتۇ، ئوتقا تاشلانغان كۆرۈكتىن بىر خوتۇن، قىسقۇچ ۋە بازغاندىن بىر ئەر كىشى تۆرۈلۈپتۇ. تەڭرى ئۇ خوتۇننى ئېلىپ يۈزىگە تۆكۈرگەن ئىكەن، قۇشقا ئايلىنىپ بىلىقچى قۇش (قورداي) بوپتۇ. بۇ قۇش پەيلىرىدىن ئوق ياسىغلى بولمايدىغان،

ئېتنى ئىتلارمۇ يېمەيدىغان، قونغان پاتقاقمۇ سېسىق پۇرايدىغان قۇش ئىكەن. تەڭرى ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەنىكەن، ئۇ ئاياغلىرى چولاق، قولسىز، ئۆيىنىڭ كىرنى، ئۆتتۈكنىڭ كونىرىغان تاپانلىرىنى يەيدىغان بىر چاشقانغا ئايلىنىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى ئىنسانلارغا:

—مەن سىلەرگە هايۋانلارنى ياراتتىم، ئوزۇقلۇقلارنى ياراتتىم، ئىچىشكىلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك پاكىز سۇلارنى ئېقىتىپ ياردەم قىلدىم. سىلەرمۇ ماڭا ياخشى نەرسىلەرنى قىلىپ بېرىڭلار، ئەمدى قايتىمەن، ئۇزاققىچە بۇ يەرگە كەلمەيمەن. سىلەر مېنىڭ كىشىلىرىمدىن سىلەر. ئەي شالجىمە سەن ئىچىملىك ئىچكەن كىشىلەرنى، ئۇششاق باللارنى، تايلارنى، توپاقلارنى، قوزىلارنى سەن باق؛ شالجىمە: سەن ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلەرنى ئال، قورال بىلەن ئۆزىنى ئۇرغانلارنى، ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى ئالما، ئۇلارنى تاشلا، نېرى قىل. باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلگەنلەرنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەت، بايلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ، باشقىلارغا ياغى بولغان كىشىلەرنى ئالما، تاشلا؛ مەن ئۈچۈن، بېگى ئۈچۈن ئۆلگەنلەرنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەت. مەن ساڭا ياردەم قىلىپ شەيتاننى سىلەردىن يىراقلاشتۇردۇم، ئۇنى سىلەردىن ئايرىۋەتتىم؛ ئەگەر شەيتان ساڭا يېقىنلاشسا، شەيتانغا يېمەك بېرىڭلار. بىراق، شەيتاننىڭ يېمىكىنى سىلەر يېمەڭلار. شەيتاننىڭ يېمىكىنى يېسەڭلار، شەيتانغا بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر. سۆزلىرىمنى ئۇنتۇماڭلار. مېنى چاقىرغىنىڭلاردا ئۆزۈڭلەرنى قوچىقىمدا كۆرىسىلەر. ئەمدى يىراققا كېتىمەن، بىراق ئۇزاقتا بولسىمۇ كېلىمەن، مېنى هەر دائىم ئۇنتۇماڭلار، قايتىپ كېلىدىغىنىمنى ئۇنتۇماڭلار، هەققەتەن كېلىدىغىنىمنى بىلىشىڭلار. ئەمدى يىراق ـ يىراقلارغا كېتىمەن، قايتىشىمدا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىڭلارغا قارايمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا ئەمدى ساڭا جاپقارا، ماندىشىرە، شالجىمەلەر ياردەم قىلىدۇ. جاپقارا، دىققەت قىل: ئەگەر ئەرلىك ئۆلگەن كىشىلەرنى ئالماقچى بولسا، ماندىشىرەگە ئېيت، ماندىشىرە كۈچلۈك، ئۇ ئەرلىكنى يېڭەلەيدۇ. شالجىمە، ئېسىڭدە بولسۇن، ياۋۇز روهلار يەرنىڭ ئاستىدا قالسۇن، ئەگەر يەر يۈزىگە چىقىۋالغۇدەك بولسا، مايتەرەگە خەۋەر قىل. مايتەرە كۈچلۈك، ئۇلارنى يېڭەلەيدۇ. پودو سۈنكۈ قۇياشنى، ئاينى چىڭ تۇتسۇن. ماندىشىرە كۆكنى ۋە يەرنى ساقلىسۇن، مايتەرە يامانلىقنى ياخشىلىقتىن نېرى قىلسۇن. ماندىشىرە سەن كۆرەش قىل، كۆچەيگىنىڭدە ماڭا ئېيت، ئەسكىلەرنى كۆرگىنىڭدە ئۇنى ئاتما. ئۆلۈكنىڭ تەگمىشى (مىراسى) ئاش بولمايدۇ. ئەگەر بىر باينى ئەسكى دەپ قارىساڭ، ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىلارنىمۇ يامان دەپ قارىما. ئەگەر بىر ياخشى نىيەتلىك باينى ئۇچراتساڭ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ بارلىقنى ياخشى دەپ ئويلىما. كىشىلەرگە بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۆگەت، بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەت، توردا بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەت، تىيىنلارنى تۇتۇشنى ئۆگەت. هايۋانلارنى بېقىشنى ئۆگەت. ماڭا ئوخشاش ئۇلارنى ياخشىلىققا باشلا.

تەڭرى بۇلارنى دەپ بولۇپ يىراققا كېتىپتۇ.

ماندىشىرە شۇ يەردە قېلىپتۇ. قارماق يىپى تەييارلاپ بېلىق تۇتۇپتۇ. كەرگە كېرىپ تور (ئاغ) توقۇپتۇ. قېيىق ياساپ تور بىلەن بېلىق تۇتۇپتۇ؛ بىر قورال ياساپ، قورال ئامبىرى سېلىپتۇ. تىيىنلارنى ئېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارغا تەڭرى ئېيتقان بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىپ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىپتۇ. بىر كۈنى ماندىشىرە:

—هازىر مېنى شامال كېلىپ كۆككە كۆتۈرىدۇ،—دەپتۇ. راست دېگەندەك قۇيۇنتاز كېلىپ ئۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. جاپقارا:

—ماندىشىرەنى تەڭرى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇنى ئىزدىمەيلى، ئۇنى هەرگىز تاپالمايمىز. مەن تەڭرىنىڭ ئەلچىسىمەن. بىراق، مەنمۇ قايتىمەن. تەڭرى ماڭا بۇيرۇغان يەردە ياشايمەن. ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى تاشلىماڭلار، بۇ تەڭرى سىلەرگە بەرگەن كۈچتۇر،—دەپتۇ. شۇنداق دەپ بولۇپلا ئۇمۇ كېتىپتۇ.

(رادلوف: «تۈركلەرنىڭ كۆكلىرى، تىللىرى ۋە خەلق ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابنىڭ تۈركىيە ئەنقەرە، ئەكاۋ يايىنلارى (نەشرىياتى)، 1999 ـ يىل 5 ـ ئاي، تۈركچە 1 ـ نەشرىدىن ئېلىندى).

تۈركچىدىن يۈسۈپ ئىسهاق تەرجىمىسى



# يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە ۋە پەرزەنت ھەققىدىكى قاراشلىرى

نۇر يۇنۇس

شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئۈچىنچى دەۋرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى سانالغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت مۇكەممەل شېئىرىي داستاندا «ئەينى زاماننىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيىسى — تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»① مەزمۇننى جەمئىي 85 باب ۋە نەسرىي مۇقەددىمە، نەزمىي مۇقەددىمە، شۇنداقلا ئاخىرىدىكى ئۈچ بۆلەك ئارقىلىق تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ بۈيۈك ئەسەرنىڭ بۈگۈنگىچە قىممىتىنى يوقاتماي كەلگەنلىكىدىكى بىردىنبىر ئاساس شۇكى، ئىنسان تۇغۇلۇپ تاكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە ياخشىلىق ۋە مۇكەممەللىك ئىزدەش جەريانىدىلا ھەقىقىي ياشايدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغانلىقىدا. بۇ قاراشلار داستاندىكى تۆت پېرسوناژ (ئايتولدى، كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش) ئارقىلىق تەرتىپلىك رەۋىشتە بايان قىلىنغان بولۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق سېلىشتۇرمىسى بىلەن تېخىمۇ ئۆتكۈر پىكىر يولىنى ياراتقان.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ چېتىلمايدىغان مەزمۇن دائىرىسى يوق دېيەرلىك بولۇپ، دۆلەت باشقۇرۇشتىن تارتىپ ئائىلە باشقۇرۇشقىچە، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىن تارتىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرىگىچە، ھەتتا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى ئىنچىكە تەرتىپلەرگىچە ئاپتورنىڭ نەزەرىدىن ساقىت قىلىنمىغان. بۇ جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى مۇكەممەل يېزىلغان قائىدە ـ قانۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت دەستۇرى دېيىشكە بولىدۇ.

مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە جەمئىي بەش بۆلەك توختالغان بولۇپ، ئۈچىنچى بۆلىكىدىكى «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ گۇمانىستىك ئىجتىمائىي قاراشلىرى»دا تۆۋەندىكىدەك يەكۈن

خالاس. بۇنىڭدىن تەخمىنەن مىڭ يىل ئىلگىرى يېزىلغان بۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق قامۇسىدىكى ئائىلە ۋە پەرزەنت ھەققىدىكى قاراشلارنى يۇقىرىقى پىكىر بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى:

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 62 ـ بابى «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانىدا»نى كۆرۈپ باقساقلا يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزغا يېتەرلىك ئاساس تاپالايمىز. تېمىدىكى «ئۆيلىنىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، ئۆي + لىنىش، يەنى ئۆيگە ئېرىشىش، ئۆيلۈك بولۇش دېگەنلىك بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ قانۇنلۇق (زامانىنىڭ ئۆلچىمىگە بويسۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ) جەم بولۇشى—ئۆيىنى (ئائىلىنى) بەرپا قىلىشنىڭ تۈنجى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەمما، خالىغانچە جەم بولۇش ئېنىقلا ھەمكارلىقنى ئەمەس، دۈشمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان شارائىت، قائىدە ـ يوسۇن، شۇنداقلا مىجەز ـ خۇلقىغا قاراپ «ئۆيلىنىدىغان» ئوبيېكت تاللىشى كېرەك. داستانىنىڭ 4475 ـ بېيىتىدىن 4503 ـ بېيىتىغىچە ئاپتور بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان.





چىقارغان: «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىدىيىسى چوڭ تېما. ئۇ ئۆز ئىچىگە: دۆلەتنىڭ ئاساسى خەلق ئاممىسى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش... بۇنىڭدىن بىز ئەگەر ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، دۈشمەنلىشىشتىن خالىي بولۇپ، مۇكەممەل ھايات كەچۈرەلىسە دۆلەت قۇرۇشنىڭ، تۈرلۈك سىياسىي تۈزۈملەر ئارقىلىق تەرتىپكە سېلىشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ئەمما، كۈندۈزنىڭ كېچىسى، كېچىدىن كېيىن كۈندۈز بولغىنىدەك يەر يۈزىگە كۆز ئېچىپ ئادەم بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن جانلىقلار دۇنياسى ھامان ياخشىلىق ۋە يامانلىق، توغرا ۋە خاتادىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان قانۇنىيەتلىك تەڭشىگۈچنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايدۇ. دۆلەت دەل مۇشۇ بېسىمنى نىسبەتەن يېنىكلىتىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋەجىدىن قۇرۇلىدۇ. ئائىلە خۇددى دۆلەتكە ئوخشاش مەقسەت بىلەن قۇرۇلىدىغان ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق. ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىمۇ دەل ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش ئارقىلىق ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇنداقلا جەمئىيەت ئۈچۈن ياكى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنىڭ ياخشى ياشاش ئۈستىكىگە ماس مەلۇم تەجرىبىلەرنى توپلاش،

MIRAS

www.uyghurkitap.com



مەسىلەن:

4475. ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،
تاللىۋال خىلىنى، ئىتتىك قىل كۆزۈڭ.

4476. تېگى ياخشى بولسۇن تۇخۇم ھەم ئۇرۇق،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىغ.

4477. تىرىش، ئۆي قىزىنى ئال، قول تەگمىگەن،
سېنىڭدىن بۆلەك ئەر يۈزىن كۆرمىگەن.

4478. سېنىلا سۆيۈپ، باشقىنى بىلمىگەي،
يارامسىز، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي.

4479. چىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۆزىنى دە،
كى خۇلقى ياخشى بولسا، يورۇتقاي سېنى.

4491. ئايا باي خوتۇنغا ئىنتىلگۈچى جان،
ئەسىر بولما ئاڭا، ئى ئالىم ئىنسان.

4492. گۈزەلنى تىلەگەن، ئى ئەر ياخشىسى،
ئۇنى ئالساڭ ياغار ئەلنىڭ كۈلكەسى.

4494. چىرايلىق ئايالنى پۈتۈن خەلق سۆيەر،
ئۇنى تەگرى پەزلى ساقلىسا ئەگەر.

. . .

«ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى باياندا» ناملىق بۇ باب مانا مۇشۇنداق بايانلار بىلەن تاماملانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز بۈگۈنكى دۇنيا پسىخولوگىيە ئالىملىرى تەتقىق قىلىۋاتقان ئادەم خۇي ـ پەيلى (خاراكتېرى)گە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي كۆزىتىشنىڭ ئۇن ئەسىر ئاۋۋالقى يارقىن ئىزلىرىنى كۆرگەندەك بولىمىز. ئاۋستىرالىيىلىك پسىخولوگىيە ئالىمى ئالفىر ئادلېر ئۆزىنىڭ «ھاياتقا تەھلىل، قىسمەتكە ئاچقۇچ» ناملىق كىتابىدا «مۇھەببەت ۋە نىكاھ» ھەققىدە توختالغاندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى قاراشلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەھلىللەرنى ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئۆيلىنىشتىن ئاۋۋال ياخشى خۇلق ـ مىجەزلىك، نورمال كەيپىيات ساقلىيالايدىغان ئايالنى جورا قىلىپ تاللىساڭ، قورغان ئائىلەڭ مۇكەممەل ئائىلە بولىدۇ...» دېگەندەك پىكرنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، ئالفىر ئادلېر «مۇھەببەت ۋە نىكاھ» ھەققىدە توختىلىپ «قارشى تەرەپنىڭ قانداقلىقىنى ياخشى كۆزدتىش، قارشى تەرەپكە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىگە ئېخمۇ كۆڭۈل بۆلۈش، مۇھەببەت ۋە نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى بىردىنبىر شەرت!» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. قارىماققا بۇ ئىككى قاراشتا روشەن پەرق باردەك قىلىسىمۇ، ئەمما يەتمەكچى بولغان نىشان ئوخشاش. يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 4477 ـ ، 4478 ـ بېيىتلاردا ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆيلۈك بولۇشتىن ئاۋۋال سەن ئالماقچى بولغان ئايال ئېپپەتلىك بولسۇن» دېگەن ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغان بولسا، ئالفىر ئادلېر «نىكاھتىن بۇرۇن ئەر ۋە ئايال بىرگە بولماسلىقى كېرەك». بۇ، مۇھەببەت ۋە نىكاھلىق تۇرمۇشتىكى تاتلىق بېغىشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى كاپالىتى. زور كۆپچىلىك ئەرلەر ئۆز سۆيگۈنىنىڭ تويدىن بۇرۇن تېنىنى باشقىلارغا تۇتقۇزغىنىنى ياقتۇرمايدۇ...» دېگەن.

بۇ قاراش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تىرىش، ئۆي قىزىنى ئال، قول تەگمىگەن، سېنىڭدىن بۆلەك ئەر يۈزىن كۆرمىگەن»، دېگەن قارىشى بىلەن ئوخشاش. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە نىكاھسىز تۇغۇلۇۋاتقان بالىلارنىڭ، تۆرەلمە ھالىتىدە ئىگىسىز ھالدا ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىۋاتقان بىگۇناھ چۈشۈكلەرنىڭ كۆپىيىشى، ھامىلە چۈشۈرۈشنىڭ قۇلايلىقلىشىشى، تۇغۇتتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى، شەھەرلىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىشىشىغا ئەگىشىپ ئەۋج ئېلىۋاتقان كىشىلەردىكى سەۋەبسىز پەيدا بولىدىغان غېرىبلىق تۇيغۇسىنى بېسىقتۇرىدىغان شارائىتنى ھازىرلاپ بەردى. ئەجەبا، قەدىمكىلەرگە قارىغاندا بۈگۈنكى زامان ئادەملىرىنىڭ ھەۋەس ـ ئىشتىياقى كونترول قىلغۇسىز دەرىجىدە كۈچلۈكمىدۇ؟ بۇنى تەپسىلىي يېشىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

دىنىي پەردىشەپ ۋەجىدىن بولسا كېرەك يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالفىر ئادلېرغا قارىغاندا ئائىلە ۋە پەرزەنت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى، بولۇپمۇ جىنسىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان. ئالفىر ئادلېر بولسا ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، شەرقتە بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان ئائىلە قۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر غەرب دۇنياسىدا بۈگۈنكى كۈندە ئوخشاش مۇددىئا سەۋەبلىك ئوخشاش تەرغىپ قىلىنماقتا. بۇنىڭدىكى



سەۋەب نېمە؟

قەدىمدىن ھازىرغىچە مەيلى پسىخولوگىيە ئىلمى بولسۇن، مەيلى ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمى بولسۇن ھەر ئىككىلىسىنىڭ يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشانى يەنىلا ئادەمدىن ئىبارەت ھېسسىياتلىق جانلىقنىڭ بەختى ئۈچۈن ئويلىنىش، خالاس.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياخشى خۇلق يېتىلدۈرگەن ئەر ۋە ئايالدىن تەشكىللەنگەن ئائىلە جەمئىيەت ئۈچۈن خەۋپ ئېلىپ كەلمەيدىغان، خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئاساسىنى يارىتقان ئائىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئائىلە قۇرۇلغانىكەن چوقۇم پەرزەنت دۇنياغا كېلىدۇ. ئەمما، پەرزەنت ئاتا ـ ئانا ئارزۇ قىلىپ، غايىسىگە ئاساسەن ياساپ چىققىلى بولىدىغان جانلىق ئەمەس. ئۇ پەقەت ھاياتلىق جەريانىدىكى بېغىشلاشنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، تۆرىلىپ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىدىن ئىبارەت ھەمكارلاشقۇچىنىڭ يۈرەك پارىسىگە ئايلىنىدۇ. پەرزەنت پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىدا (ياخشى خۇلق يېتىلدۈرگەنلەردە) مەسئۇلىيەت پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مەسئۇلىيەت ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزلىرى بالىلىق مەزگىلىدە ئېرىشەلمىگەن ئارزۇ ـ غايىلەر سەۋەبىدىن، يەنە ئىنساندا تەبىئىي پەيدا بولىدىغان مېھىر ـ شەپقەتتىن شەكىللىنىدۇ.

بۇ خىل مەسئۇلىيەت ئاتا ـ ئانا بولغۇچىغا پەرزەنتىنى ياخشى خۇلق، ئۆتكۈر ئەقىلگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش ئىستىكىنى يۈكلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ 63 ـ باب «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش بايانىدا» ناملىق بۆلىكىدە يۇقىرىقى پىكىرنى مۇنداق بايان قىلغان:

4504. تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

.............

4505. ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،
بىرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

بۇ ئىككى بېيىت بىزگە پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق تەربىيە بەرگۈچىنىڭ پەقەت ئاتا ـ ئانا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن سىرت، بىلىم ھەم ئەدەپ ئۆگەتكەندە ئىككى دۇنيادا نەپ ئالالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر پىكىرنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتىگە ئىرسىيەت جەھەتتىن ئەڭ يېقىن. ئىلىم ـ پەن ئىرسىيەت ئىلمىدە بايقالغان نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئاشكارىلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تۇغما ئىقتىدارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ۋەزىپىسى ياخشى ياشاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ياخشى ياشاش جەريانىدا ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ ھاياتلىق ئاتا قىلغان گۈزەل نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆزى سەزمىگەن يوسۇندا باشقىلارنىمۇ ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. بۇ جەريان ياخشى تە-

www.uyghurkitap.com



لىم ــ تەربىيە، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجاد قىلىش ئارقى-
لىق تاماملىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە
قوشقان كىشىلەر قەدىرلىنىدۇ.

ياخشى خۇلق ــ مىجەزگە ئىگە ۋە ئىلىم ئىگىلىگەن
پەرزەنت يېتىلدۈرۈش ئاتا ــ ئانىنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن
قوشقان تۆھپىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك تۆھپىدۇر.
چۈنكى، بۇنداق پەرزەنت ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ياخشى يو-
سۇندا داۋاملاشتۇرۇشتىن سىرت، باشقىلارغىمۇ بەخت يا-
رىتالايدۇ. ھېچ بولمىغاندا، جەمئىيەت ئۈچۈن يۈك بولۇپ
قالمايدۇ.

ئالفىر ئادلېر «بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈندىن
باشلاپ، ئانىسى بىلەن ئۆزىنى باغلاش ئۇيىدا بولىدۇ»،
«ئاياللارنىڭ ئورنىغا سەل قارالسا، پۈتكۈل نىكاھ تۇر-
مۇشىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى بۇزۇلىدۇ»، دېگەن قاراشنى
ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ

4505. ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنگە قىلىپ،

ئوغۇل ــ قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

دېگەن قارىشى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى بۇنىڭدىن
ئانا بولغۇچىنىڭ ئىرسىيىتى بالىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزىنى
نامايان قىلىدۇ، دېگەن مەنانى بىلىشكە بولىدۇ.

4506 ــ بېيىتتىكى «بىلىم، ئەدەپ ئۆگەتسەڭ ئو-
غۇل ــ قىزنىڭ ئىككى دۇنيادا نەپ ئالىدۇ»، دېگەن قا-
راشمۇ دەل ھايالىق، ئەدەپ ۋە ئىلىم ئۆگەنگەن ئانىدىن
تۇغۇلغان پەرزەنت بۇ دۇنيادا ياخشى ياشايدۇ، دېگەن
مەزمۇننى ئىپادە قىلىدۇ. ئىككى دۇنيانىڭ بىرى ھاياتلىق
دۇنياسى، يەنە بىرى ماماتلىق دۇنياسى بولۇپ، «پەر-
زەنتىڭگە ياخشى خۇلق ۋە ئىلىم ئۆگەتسەڭ ماماتلىق
دۇنياسىدىمۇ نەپ ئالالايدۇ»، دېيىش ئارقىلىق ياخشى
خۇلق، ئىلىم، ئەدەپ ــ ئەخلاقنىڭ قۇدرىتىگە تېخىمۇ يۇ-
قىرى باھا بەرگەن. دېمەك، ئاياللارنىڭ ساپالىق بولۇشى
پەرزەنتنىڭ ئىرسىيەت جەھەتتىكى سۈپىتىنى بەلگىلىسە،
ئاتا بولغۇچىنىڭ ئەخلاق ــ پەزىلىتى، بىلىمى، مەسئۇلى-
يەتچانلىقى ئۆز نۆۋىتىدە پەرزەنتنىڭ سۈپەتلىك ئۆسۈشى-
گە تۈرتكە بولىدۇ. ئەمما، بۇ خىل نىشان ئاسان ئەمەلگە
ئاشمايدۇ. چۈنكى، ئادەم تۈرلۈك ــ تۈمەن پىسخىك تو-
سالغۇلار ۋە رېئال جاپا ــ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆز تىرىك-
چىلىكىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇكى، پەرزەنت تەربىيىلەش بەكمۇ ئۇلۇغ ۋە بەكمۇ جا-
پالىق جەريان. «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلىپ بۈگۈنگىچە
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئەخلاق ۋە ئادەم
بولۇش تەرغىباتلىرى، شۇنىڭغا ياندىشقان «مەسنەۋى
خاراباتى»غا ئوخشاش بۈيۈك ئەسەرلەر ئەسىرلەردىن
بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ھاياتنى مەناغا ئىگە
قىلىپ كەلدى. ئەمما ھېچقايسى ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى رولى
پەرزەنت ئۈچۈن ئاتا ــ ئانا ۋە ئائىلە ئەمەلىيىتىدەك يۇ-
قىرى بولۇپ باقمىدى. ئالفىر ئادلېر: «يامان نىيەتلىك
ئادەمنىڭ بارلىق بىلىمى، ئەدەپ ــ ئەخلاقى يەنىلا ياماز-
لىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ»، دېگەنىدى. بۇنىڭدىن قا-
رىغاندا، يەنىلا ئىرسىيەتكە مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ.
بىراق بۇ قاراشنى مۇكەممەل قاراش، دەپ بىلىۋېلىپ قا-
رىغۇلارچە شەكلى كۆرۈنۈشتىكى ساختا بىلىم، ساختا
ئەخلاققا چوقۇنۇپ، ئەخلاق ۋە بىلىم ئارقىلىق رەزىل
مەقسەتكە يېتىش ئۇيىدا بولماسلىق كېرەك!

مەلۇمكى، كىشىلەر ئون ئەسىر ئىلگىرىلا ھاياتلىق
ھەققىدە مۇكەممەل قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ ياشىغان.
ئون ئەسىر ئىلگىرىكى ھاياتلىق قارىشى بىلەن بۈگۈنكى
دۇنيا كىشىلىرىنىڭ ھاياتلىق قارىشى مېنىڭچە ئانچە كۆپ
پەرقلەنمىسە كېرەك. چۈنكى، بىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىدا
ھېچقانداق ئۆزگىرىشنىڭ بولمىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.
بارلىق ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالار ئۆز نۆۋىتىدە ياشاۋات-
قانلارنىڭ، يەنە ياشماقچى بولغانلارنىڭ رېئاللىقى ئۈچۈن
كۆرسىتىمە ياكى ئەينەكتۇر. بۇ، ئىرسىيەت سەۋەبىدىن كې-
لىپ چىققان دۆتلۈك، ئەخمەقلىك كېسىلىگە داۋا بولۇشى
مۇمكىن. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا نېمە ئۈچۈن مۇكەممەل
قائىدە ــ قانۇن بار، سىياسىي ــ ئىقتىساد گۈللەنگەن دۆ-
لەت قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ؟ چۈنكى، كىشىلەر بۇ
خىل ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئارقىلىق خاتىرجەملىككە ئېرى-
شىدۇ. دەل خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك ئىستىكى ئادەم-
لەرنى ھەر كويغا سالىدۇ. مۇكەممەللىك قوغلىشىش جەر-
يانىدىكى زىددىيەتلەر ئاقىل، ئەدەپ ــ ئەخلاقنىڭ چىن
مەنىسىنى بىلىپ يەتكەن كىشىلەرگە، يەنى مۇكەممەل قۇ-
رۇلغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەرگە جاسارەت بې-
غىشلىسا، ئائىلە قۇرۇش شەرتىنى ھازىرلىمىغان (ئائىلە
تەربىيىسى كۆرمەي ئائىلە قۇرغان) ئەر ــ ئاياللىدىن تۇ-

2007.5

رەلگەن پەرزەنتلەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، تەرتىپلىك ئائىلە تەربىيىسى كۆرمىگەن پەرزەنت مېھىر ـ مۇھەببەتنى خۇشامەت ياكى «مەن قالتىس بولغاچقا باشقىلار ماڭا شۇنداق قىلىشى كېرەك»، دەپ چۈشىنىۋالىدۇ ـ دە، پسىخىك نورمالسىزلىق بۇنداق پەرزەنتنى بالا چېغىدىلا زەھەرلەشكە باشلايدۇ.

2

«قانداق تارىخىي شارائىت، قانداق جۇغراپىيىلىك مۇھىت، قانداق ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشتا ياشىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرمىغىنى يوق...» (2). دەرۋەقە، «قۇتادغۇبىلىك» ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى تېمىسىنى ئەڭ يارقىن يورۇتۇپ بەرگەن داستانلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مەرھۇم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خېلىلا ئەتراپلىق توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ 1989 ـ يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان ««قۇتادغۇبىلىك»تە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى تېمىسى» ناملىق ماقالىسىدە بۇ نۇقتا گەۋدىلىك تىلغا ئېلىنغان.

«ھازىرقى زاماندىكى ئانتروپولوگلار تامامەن تىك تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش ھالىتىگە كەلگەن گەۋدە، ئازاد قىلىنغان ئىككى قول، ئالاھىدە تەرەققىي تاپقان ۋە پىكىر قىلىشقا ماھىر چوڭ مېڭە، مۇرەككەپ پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان تىل ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك قورال ـ سايمانلارنى ياساپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ـ مانا بۇلار ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەر دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەگەر ھايات بولغان بولسا، بۇ قاراشقا قانائەتلەنمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپ ئامىللار جىسمانىي (ئاناتومىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك) تۈزۈلۈش ئەمەس، ئىنساننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى (مەنسەپ ـ دەرىجە، ئۇنۋان، ھوقۇق ـ بايلىق قاتارلىقلار)مۇ ئەمەس، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەت، ئاڭ ـ سېزىم، كۆڭۈل، تىل، ئەردەم (پەزىلەت) بىلىم ۋە ھاياتتىن ئىبارەت مەنىۋى گۈزەللىكتۇر...» ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇ تەھلىلى «قۇتادغۇبىلىك»نى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى دەل توغرا سۈپەتلەپ بەرگەن. بۇنىڭدىن بىز ئىنسان مەنىۋى كامالىتىنىڭ ھەرقانداق بىر ماددىي تەئەللۇقاتتىن يۈكسەك بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. «قۇتادغۇبىلىك»تە «زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» ناملىق داستان چۈشۈرگىسى سۈپىتىدە يېزىلغان بابىدا «كىشىلىك (ئادىمىيلىك) يوقىلىپ، پەقەتلا كىشىنىڭ ئىپتىلا قالغان. يەنى كىشى قىسلىقى كۆرۈلۈپ، ئۇنى تاپقىلى بولمايدىغان... جاھانغا جەبىر ـ زۇلۇم تولۇپ، ۋاپا قەھەتچىلىكى ھۆكۈم سۈرگەن... قانۇن ـ نىزاملار توگەپ، كىشىلەر قەلبى بۇزۇلغان... ئىشەنچ ـ ئەمىنلىك توگەپ، تىل بىلەن كۆڭۈل ئالا بولغان... ياخشىلار كېتىپ، رەزىللەر قالغان... يامانلار ياخشىلارنى چاياندەك چېقىپ، چۈيندەك شو-



راپ، ئىتتەك قاۋايدىغان...» ③ زامانىنىڭ بولۇۋاتقانلىقى
بايان قىلىنغان. بۇ داستان يېزىلىپ بۈگۈنگە قەدەر مىڭ
يىل ئۆتتى. بىز يەنىلا يۇقىرىقىدەك پاجىئەلەردىن تولۇق
قۇتۇلغىنىمىز يوق. چۈنكى، مۇكەممەل دۆلەت قانۇنىمىز،
يۈكسىلىۋاتقان مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە ۋە مەد-
بۇئاتلىرىمىز ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرسىمۇ، يە-
نىلا جىنايەت يىلتىزى بولغان ئاچ كۆزلۈك يوقالغىنى يوق.
بۇ، تەبىئىي ھادىسە، يەنە كېلىپ رەزىل مەقسەتكە يېتىش
بۇنىڭدىن مىڭ يىلغا قارىغاندا تېخىمۇ قۇلايلىشىپ كەتتى.
چۈنكى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ رولى ياخشىلارنىڭ قولىدىمۇ،
يامانلارنىڭ قولىدىمۇ ئوخشاشلا ئىشقا ئېشىۋېرىدۇ. ئەمما
چەكتىن ئاشقان ئەقلىيلىك ئىنساننى ھامان روھىي جەھەت-
تىن قۇرغاق بىر چەكسىزلىككە تاشلايدۇ. دېمەك، ئائىلە
تەربىيىسى كۆچەپ تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىكى
ئىنسانلار يەنىلا مۇكەممەللىك ئۈچۈن قۇربان بەرگۈچە-
لەردۇر.

يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان، كىشىلەر پەر-
زەنتىنىڭ ئەقىللىق، ئەخلاقلىق بولۇشىنى ھەرقانداق زا-
ماندىكىدىن بەكرەك تەكىتلەيدىغان بولدى. چۈنكى، ئە-
قىل تاۋارلىشىپ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى نام ـ شەرەپ
بىلەنلا ئەمەس، ئىقتىساد بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى.
ئەخلاق بولسا ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئېلىپ كەلگەن
شان ـ شەرەپنى قوغدايدىغان ۋاستىگە ئايلاندى. شۇ
سەۋەب، پەرزەنت ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن
كىتابلار يېزىلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى. بىراق «قۇتاد-
غۇبىلىك»كە سەل قارىلىپ كەلدى. گەپنىڭ دەل ئۆزىنى
دېگەندە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئائىلە قۇرۇش، پەرزەنت
تەربىيىلەش ھەققىدىكى قاراشلار غەرب دۆلەتلىرىنىڭ
پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرى تە-
رىپىدىن ئۇنتۇلدۇرۇلدى. بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىق، يەنى
دىن قارىشى، ئەنئەنىسى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئىرق ۋە
قان تۇيتىن ئوخشىمايدىغان بىزدىن يىراق جايلاردىكى
خەلق راستتىنلا بىزدىن قالتىسمىدۇ؟ بولۇپمۇ پەرزەنت
تەربىيىسى شۇنچە مۇكەممەلمىدۇ؟ ئۇنداقتا، ياشانغاندا
دېۋەڭلىك، سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئاتا ـ ئانىلار
نېمە ئۈچۈن تۈرلۈك فوندى جەمئىيەتلەرنىڭ قۇتقۇزۇشىغا
مۇراجىئەت قىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ؟ تەرتىپلىك
ئائىلە تەربىيىسى كۆرگەن ئاشۇ «ئىلغار ئىدىيىلىك»
غەرب ياشلىرى نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دۆتلۈكىنى،
بەختسىزلىكىنى ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىدىن كۆرۈپ
سوتقا ئەرز قىلالايدۇ؟

ئۆزىمىزنى ئائىلە ۋە پەرزەنت تەربىيىسى جەھەتتە يې-
تەرسىز دەپ كەمسىتىۋاتقىنىمىزدا يۇقىرىقى سوئاللارغا
جاۋاب ئورنىدا «كارل. ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى»...
نى ئۈمىد بىلەن ۋاراقلاپ قالىمىز. بۇ تۈردىكى كىتابلار
ھەقىقەتەن بىزنى قايىل قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىر ئۆمۈر
يېمەي ـ ئىچمەي پۇل يىغىپ پەرزەنتىمىزنى چەت ئەلگە
ئوقۇشقا ماڭغۇزىمىز. بۇنىڭدىكى بىردىنبىر مەقسەت، يە-
نىلا ھاياتىمىزنىڭ داۋامى بولغان پەرزەنتىمىزنى ياخشى
ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى،
سوغۇق سۇنى قايىنتىپ قويۇپ قويسا يەنىلا سوغۇق سۇ
بولۇپ قالغىنىدەك، قۇرامىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى
باللىق كەچۈرمىش (ئاتا ـ ئانىدىن ئالغان بىۋاستە تەسە-
رات، ئىرسىيەت) ھامان كېيىنكى بىلىم ۋە پەزىلەت ئىگە-
لەش جەريانىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. «يەنىلا كۆچانىڭ
سوپۇنى ياخشى» دېگەن ئىدىيىنى ئويلاپ تاپقان ئاقىل
كىشىلىرىمىز «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئائىلە قۇرۇش، پەر-
زەنت تەربىيىلەش ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ بۈگۈنكى كۈن-
دىمۇ ئوخشاشلا ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلسە كې-
رەك!؟

بۈگۈنكى كۈندە ئەخلاقنىڭ (باشقىلارنىڭ ئەخلاق
ھەققىدە نېمە ئويلايدىغىنىنى بىلمەيمەن)، كىشىلىك مۇنا-
سىۋەتلەرنىڭ چىرىكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە قاقشا-
ۋاتقانلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. تولدۇرغۇسىز بىر خىل
بوشلۇق خۇددى ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇ-
ۋاتقاندەك كەيپىياتنى ھەر ئون ئادەمنىڭ يېرىمىدىن
كۆپرەكىدە بايقىغىلى بولىدۇ. ھەممىدىن قالتىس بولۇشنى،
پەرزەنتلىرىنىڭمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى خالە-
مايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. بۇ، نورمال ياشاۋاتقان
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئۆزىدىن باشقىلار-
نىڭمۇ شۇنداق ئارزۇدا بولىدىغانلىقىنى ئۆزىگە ۋە پەر-
زەنتىگە ئۆگىتىش، ئەڭ ئالدى بىلەن قەدىرلىنىش ۋە قە-
دىرلەش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش «قۇتادغۇبىلىك» داستانى-
نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدۇر.

دەرۋەقە، مۇكەممەل ئادەم بولۇش تەرغىباتى مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەر يارىتىلدى، خېلى مۇكەممەل قامۇسلار تۈزۈلدى. بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدا بۇ خىل تەشەببۇس تېخىمۇ كۈچەپ تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەقىل ۋە پەن- تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى ئادەملەر بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق سىرلار ئاشكارىلىنىپ، دۇنيا يالىڭاچ، ئادەملەر سەزگۈر بولماقتا. بولۇپمۇ پەرزەنتلىرىمىز تور ۋە تېلېۋىزور ئارقىلىق چوڭلارغا قارىغاندا دۇنيا ۋە ئادەملەر ھەققىدە خىلمۇ خىل ئۇچۇرلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىۋاتىدۇ. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇددەتتىن بالدۇر بالاغەتكە يېتىشىنى تېزلىتىپ، بەزىدە پەرزەنت ئاتا- ئانىنى تەربىيىلەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. پسىخىك نورمالسىزلىقتەك كۆرۈنگەن بىر قىسىم ھادىسىلەر ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل يەرشارى خاراكتېرلىك يۈزلىنىش بولۇپ، ئاتا- ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا. «كارل.ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى»گە مۇراجىئەت قىلىۋاتقان ئاتا- ئانىلار ئەجەبا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئەستايىدىل ۋاراقلاپ كۆرسە ۋاقتى، زېھىن- قۇۋۋىتى ئىسراپ بولۇپ كېتەرمۇ؟

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى تەتقىقاتچىلارنىڭلا ئىشى بولۇپ، مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ 1368 بۇ ئەسەرنىڭ بەت- ۋاراقلىرىنى بىر- بىرلەپ ئۆرۈۋاتقان ۋە ئۆرىگەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئىسمىنى قانچىلىك ئۆسمۈر تولۇقى بىلەن بىلەر؟ ئاتا- ئانا بولغۇچىلارچۇ؟ دېگەن ئاچچىق سوئالدۇر. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار نېمە ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئەسەرلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ؟ بۇنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن مۇكەممەل ئادەم بولۇش يولىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويالىغان بۈگۈنكى دەۋر زىيالىيلىرى چوقۇم ئائىلە ۋە پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشىدىن، تارىخىدىن، شۇنداقلا بۈگۈنكى رېئاللىقىدىن، پەرزەنتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن يەكۈن ئىزدەپ قولىغا قەلەم ئېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ جەرياندىكى ئىزدىنىش چوقۇم ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلىدۇ.

دەرۋەقە، ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئۇچۇر ۋە تېخنىكىدىكى قۇلايلىقلارنى تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئىلمىي خىزمەتلىرىنى ماشىنا- ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ. زامانىۋى شەھەرلەردە سوغۇق بىنالار ئارىسىدا غېرىبسىنىۋاتقان كىشىلەر ھەر نەرسىنى ئادەملەر ئورناتقان سۈنئىي تەرتىپ بىلەن چۈشىنىدۇ.

بىزنىڭ قاقىرىم تاغلىرىمىزنىڭ خىلۋەت باغرىدىكى توپىدا ئاياغ ئىزىنى قالدۇرۇپ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى، ئاسماندا قانات قېقىۋاتقان قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاتا- ئانىلىرىمىز بوران ۋە سەلكىن شامال، جۇدۇن ۋە ئىللىق ئاپتاپ، دەريا سۇلىرىدا داۋام قىلىۋاتقان ھاياتىي كۈچنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ھېس قىلىپ تۇرىدۇ. تەبىئەتنىڭ ساپلىقىدىن تاراۋاتقان ھەر بىر تىۋىشكە قۇلاق سالالايدۇ. ئۇلار يىراق- يىراقلاردا يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ- غارايىپ ئىشلاردىن بىخەۋەر. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى ئېتىزلىقىدا قانداق ھاشارات ۋە قۇرت- قوڭغۇزنىڭ بارلىقى، يەنە پەرزەنتلىرىنىڭ تۇپراق ۋە ئۇرۇق ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقى! ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئاجىز سانالغانلارمۇ ھەرگىز پسىخولوگىيە دوختۇرلىرىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولمايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت ئەدەپ- ئەخلاق تەرغىباتى تەشەببۇس قىلىنغان كىتابنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمما، ھەقىقىي ئەخلاقنىڭ، تۈزۈم- قائىدىلەرگە بويسۇنۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىپ، رايىشلىق بىلەن ياشاپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى يۇقىرى.

ئەقىل ۋە نادانلىق كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، قىسقا ئۆمۈر كۆرۈش بىلەن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ كۆپ پەرقى بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق ياشلىقنى ئۇزاق مەزگىل ساقلاپ قېلىشقا ئىنتىلمەيدىغان، قېرىلىقتىن ئۆكۈنمەيدىغان ئىنسان بالىسى يوق بولسا كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىپ تۆۋەندىكىدەك بېيىتلارنى تۈزگەن.

6522. ئېسىت ھەي يىگىتلىك، ئېسىت ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇش بىلمىدىم مەن سېنى تېز قاچتىڭ.
6525. ھايات تاتلىقى، ئۇ شېرىن جان سۆيۈنچى،

يىگىتلىكتەك ئەزگۈ يوق ئەركەن، ئايتتىم.
6528. دەرىخ! ئېچىنۇرمەن ساڭا ئەي يىگىتلىك،
جىمى ئۆزلۇقۇمنى يوقاتتىڭ، يوقاتتىم.
6532. قىيىندەك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس ـ تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېگىشتىم.
..........

«يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ④ دىكى يۇقىرىقىلاردىن بىز «قەددىم ئەدى ئوق، ئەقلىم ئەدى يا. ئەقلىم ئوقتەك بولغىچە، قەددىم بولدى يا» دېگەن ھېكمەتنى بىلىمىز.

مەيلى بىز قايسى دەۋردە ياشمايلى پەقەت ھاياتتىن ئىبارەت مۇقەددەس كۈچ بولغاندىلا باللىقنى، ياشلىقنى، قېرىلىقنى كۆتۈۋالالايمىز، تۇرمۇش قۇرۇپ پەرزەنتلىك بولالايمىز. مېنىڭچە، ئائىلە ۋە پەرزەنت ھاياتلىقنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىنى ئۆزىگە مەنبە قىلسىلا ئارتۇق غەم ـ قايغۇ قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. «ھاياتقا تەھلىل، قىسمەتكە ئاچقۇچ»نىڭ سۆز بېشىدا دېيىلگەندەك، «نامەرد ئادەم ھەرقانچە ئۇلۇغ ئىدىيە بىلەن قوراللانغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا نامەرد ماھىيىتى بويىچە ياشاۋېرەتتى». بۇنىڭدىن بىز بۈگۈنكى زامان پەرزەنتلىرىنىڭ مائارىپ، جەمئىيەت ۋە ئاتا ـ ئانىلار تەرىپىدىن ئەخلاقلىق بولۇش، ئەقىللىق بولۇش قەرزىگە بوغۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. باشقۇرۇلۇش، مەجبۇرىي يېتەكلىنىش ئەسلىدىلا قېنىدا بار بولغان تەبىئىي ئادەمىيلىك تۇيغۇسىنى بوغۇپ، ئۆسمۈرلەرنى ئاتا ـ ئانىسىنى، ئوقۇتقۇچىسىنى يۇقىرى نومۇر بىلەن خۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئەخلاق ۋە بىلىم ئۆگىنىۋاتقانلىقىدەك ساختا تىرىشچانلىققا باشلىماقتا. بوغچىسىدىكى كىتاب ـ دەپتەردىن نەچچە ھەسسە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان زامانىۋى تەربىيىلىنىش بېسىمى پەرزەنتلەرنىڭ مەخپىيىتىنى تېخىمۇ كۆپەيتمەكتە. مەسىلەن ئالدىغان بولساق، باللارنىڭ يالغان سۆزلەش قابىلىيىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرىلاۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بىر ئازمۇ چانمىغۇدەك توقۇلما توقۇيالايدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلى تۇيغۇسىنى ساپالىق، سەزگۈر ئاتا ـ ئانىلارلا بىلىپ قالىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىدە ئادەمنىڭ قەددى ـ قامىتى ئوقتەك تۈز مەزگىلدە ئەقلى كەم بولىدىغانلىقى، ئەقلىگە توشقاندا قەددىنىڭ ئېگىلىدىغانلىقى ئىنتايىن نورمال ئەھۋال. ئۆزىنىڭ نېمە ئىشنى توغرا، نېمە ئىشنى خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن پەرزەنتلەرنى مەجبۇرىي ھالدا ئىنتايىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە زورلاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا ئۇلارنى ياخشى ياشاشقا ئۈندەش، بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى كىچىك چېغىدىلا مەجبۇرىي ئۆگىنىپ بولغان پەرزەنتلىرىمىزنى ئىلاجسىز ئەھۋالدا مۇستەقىل ياشاشقا قويۇپ بەرسەك، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدىغان تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويساق، ئۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولى بولمىسا باللارنىڭ ئاشۇ يەردىكى ھاياتلىق ئېھتىياجىنى ساقلاپ قېلىشتا تىل بەكرەك كۈچ بېرەمدۇ ياكى تەبىئىي ئەقلىي كۈچى بىلەن جىسمانىي كۈچىمۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب ئورنىدا پەرزەنتلەرگە ھاياتنى سۆيۈشنى ئۆگىتىشتىن ئارتۇق بىلىم يوق، دېگەن ئاددىي پىكىرنى تەكىتلىمەي ئامال يوق.

3

باللار قەپەستەك رامكىلانغان قىممەت باھالىق ئۆيلەردە تېلېۋىزور ۋە تور ئارقىلىق ئۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر نەرسىلەردىن ئۈمىد ئىزدەيدۇ. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئەكسىچە ۋاقىت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئەقىللىق بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشتىن ئىبارەت (ئىستىكى) شۆھرەتپەرەسلىكى ئۇلارنى ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغاندەك، بارلىق نەرسىلەرنى سۆيىدىغاندەك كۆرسىتىپ قويىدۇ. رېئاللىق ھەرگىزمۇ ئۇنداق رەھىمدىل ئەمەس. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەقلىدىن ھەيران قالىمىز ـ يۇ، ئاتا ـ ئانىلىق نوپۇزىمىز بىلەن ئۇلارنى ئەيمەندۈرەلمەيمىز. پەرزەنتلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان ئەقلىي قۇۋۋىتى ئالدىدا بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ يارىماس ئىكەنلىكىمىزنى تەن ئالىمىز. زور كۆپچىلىك بەختسىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەسرىتى «بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا باق، قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق» سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ چوڭ دادا، چوڭ ئانا بولغۇچى تىلى چۈچۈك، ئۇماق نەۋرىلىرى ئارقىلىق ئاخىرقى ئۆمرىنى زېرىكمەي ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى، نەۋرىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئىلگىرىكىدەك قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتەلمەيدۇ. چوڭلارنىڭ بۇ خىل ئارزۇسى نەۋرىلىرى ئارقىلىق قاندۇرۇلغاچقا، نەۋرىسى ناۋاتتىنمۇ تاتلىق، چەۋرىسى بولسا ئۇلارغا

ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. جىنايەت يولىغا بالدۇر قەدەم باسقان بالىلاردىن بىز كۆپرەك «چوڭ دادا، چوڭ ئاپا بېقىپ» قاتارغا قوشقان كەچۈرمىشىنى ئاڭلايمىز. نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتتە نامى ئاتالغان بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە جىنايەت يولىغا ماڭغانلار كۆپ ئۇچرايدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ 4509 ـ ، 4510 ـ بېيىتلىرىدە:

ئوغۇلنى بىكار ـ بوش يۈرمە سەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

قىزىڭ ئۆيدە ئەرسىز ئۇزاق تۇرمىغاي،
ئۆلەرسەن پۇشايماندا سەن ئاغرىماي.

يۇقىرىقى پىكرنى بايان قىلغان جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان بىر قىسىم مەشھۇر كىشىلەر ھۆرمەت تۆرىدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئادەتتىكى پۇقرالارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. پەرزەنتلەر ئەنە شۇ ھۆرمەتتىن ئۆزىنى بىلەلمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسى بېغىشلىغان پەخىرلىنىش ياخشى تەرتىپتە يېتەكلەنمىگەندە، پەرزەنت بىر ئۆمۈر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدۇ. مانا بۇ بارلىق مەشھۇر بەختسىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەسرىتىگە سەۋەب بولىدىغان ئاساستۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىنى باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ سەممىيلىكىدىن تەسىرلەندۈرەلىسە، بۇ خىل تەسىرات پەرزەنتىنىڭ كېيىنكى كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتىدىن بەكمۇ ئۇلۇغ ئۈمىدلەرنى كۈتمىگەندە، يەنى ھېچنېمە تەمە قىلمىغاندا سەممىيەت بىلەن مۇئامىلە گىرەلەشكەن بولىدۇ. بۇ چاغدا پەرزەنتمۇ تەمەخور بولمايدۇ. بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار سىرتتىن، باشقىلاردىن يىگەن زەربىنىڭ دەردىنى پەرزەنتىدىن ئالىدۇ. «ساڭىلا كۈچۈم يەتكەندىكىن سېنى ئۇرماي كىمنى ئۇرىمەن...» دېگىنىچە ساۋاۋاتقان بالا يەنە بىر نەچچە يىللاردىن كېيىن ئاتا ـ ئانا بولىدۇ. ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دېمەك، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ بارلىق خۇي ـ پەيلى بالىدا ئەكسىلىنىدۇ. ھەمكارلىششقا پاسسىپ نەزەردە قاراش تەمەخور پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. قېيداش، غوتۇلداش، بىر نەرسىلەرنى ئۇرۇپ ـ چېقىش ئىپادىلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا بايقالغاندا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆزىدىمۇ شۇ خىل پىسخىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئېتىراپ قىلىش ۋە قىلىنىش مېنىڭچە ئادەم بولۇشنىڭ ئەقەللىي قائىدىسى. تويۇقسىز بىز بىلەن يادىدىشىپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم مۆتىۋەرلەرنىڭ نېمىلەرنىدۇ غودۇڭشىپ، ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلەپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. گويا بۇ جاھاندىكى بارلىق پېشكەللىك شۇ كىشىنىڭ بېشىغىلا كېلىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىنىمىزدە، ئىككى قولى پەقەتلا ئىشلىمەيدىغان، پۈتى بىلەن رومان يېزىپ داڭق چىقارغان يازغۇچىنى ئەسلىسەكلا كۇپايە. ئالفىر ئادلېر ئېيتقاندەك، «دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ تالانتلىق، ئەڭ مېھرىبان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەزايىۋى ئەيىبى بار»لىقىدەك رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلساقلا، تەمەخورلۇقتەك ئېغىر كۈلپەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمىز.

دۇرۇس، پەرزەنت ئائىلىنىڭ چىرىغى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ قولىدىن ئەسلا كەلمەيدىغان ئىشلارنى كۈتۈپ، تاپقان ـ تەرگىنىمىزنى ئۇلار ئۈچۈنلا سەرپ قىلساق خاتا قىلغان بولىمىز. بەزىدە ئايلىق مائاشى بىر قانچە مىڭ يۈەن تۇرۇپمۇ پىژغىرىم ئىسسىقتا پىيادە كېتىۋاتقان مويسىپىتلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئەپسۇس، بىرەر قېتىم ئازادىرەك پۇل خەجلىگەنگە پەرزەنتلىرىگە قالدۇرىدىغانلىرى ئازلاپ كېتەرمۇ؟ ھاياتلىقتىكى بىر نەچچە يۈز تىللاغا يارايدىغان ھېكمەتلىك سۆزنى كىتاب ياكى ئېغىزدىكى گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق مىراس قالدۇرالىساق، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئاچچىق ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، قانغۇچە ياشاپ قېرىپ كېتىۋاتقان ئۆتمۈشتىكى بالىلارنىڭ سانى بۈگۈنكىدىن ئازلىغان بولارمىدى!؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «نېمە تەرگەن بولسام شۇنى ئۇردىم، نېمە ئورۇغان بولسام، شۇنىڭ تەمىنى تېتىدىم» (6556 ـ بېيىت) دېگەن ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەركىم پەقەت ئۆز نىيەتلىرىنىڭ، ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ نېسىۋىسىنى ئالسا كېرەك!؟

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 177 ـ بەتكە قارالسۇن.

② [«قۇتادغۇبىلىك»تە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى تېمىسى] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1989 ـ يىلى.

③ «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» ـ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، 88 ـ بەتكە قاراڭ.

④ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 1335 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(ئاپتور: «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

www.ushurkitap.com



# بوستان چاچ ئوبۇنى

مۇھەممەد ئابلىز بۇرەيار

بۇ، «چاچ يۇيۇش ئويۇنى»، «چاچ چىلاش ئويۇنى»، «ئۇزۇن چاچ»، «نورۇز چىچى» دېگەندەك نام بىلەن كەڭ تارقالغان، ئەڭ قەدىمي، نىسبەتەن قىزىقارلىق، ئاممباب، تارىخي ۋە رېئال ئەھمىيتى چوڭقۇر ئويۇن تۈرى بولۇپ، قىزلارنىڭ ئوينىشىغىلا ماس كېلىدۇ؛ «نورۇز بايرىمى»نىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭ باشلىرىدا «نورۇز سۈيى» بىلەن چاچ يۇيۇش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ.

مەلۇمكى، نورۇز ــ ئىنسانىيەتنى ئاساس قىلغان پۈتكۈل مەخلۇقات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇقەددەس «ئانىسى» ھېسابلانغان تەبىئەت ئويغىنىدىغان يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، قۇياش (شەمسىيە) كالېندارى بويىچە يىل ئاخىرلىشىپ يېڭى يىل كىرگەن كۈندۇر. ئۇ مىلادىيە كالېنداردا 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ ، 22 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئەمەلىيتى جەريانىدا، كۈن بىلەن تۈن تەڭلىشىپ، پۈتكۈل جانلىقنى باھار پەسلىگە ئۇلاشتۇرىدىغان بۇ كۈننىڭ ھاياتلىقتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە مەخسۇس پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەبرىكلەش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق پائالىيەتلەر گەرچە بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئەينەن يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما «نورۇز» ئويۇنلىرىنى ئويناش مۇناسىۋىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان مەنىۋى خۇشاللىقنىڭ مەلۇم تىندىنىسىيلىرى بۈگۈنگىچە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ساقلانغان. بۇنى تۆۋەندىكى «نورۇز قوشاقلىرى»دىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

نورۇز كەلدى جاھانغا، باھار بولۇر كۈندۇر بۈگۈن،
دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ، بىخ ئۇرار كۈندۇر بۈگۈن.
دېھقانلار قوش ھەيدەپ، ئۇرۇق سالۇر كۈندۇر بۈگۈن،
ئىش بېشى سائەت كۈنى، ئامبار تولار كۈندۇر بۈگۈن.

كەلدى نورۇز يىل باشى، كەتتى كۆكۈل چىركىنى،
نورۇز دىبان كېلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۈركىنى.
گۈللەر قىسىپ قىز ـ ئوغۇل، ئەگرى قويار بۆكىنى،
مېلىس قىلىپ ئويناشۇر، ئاچۇر كۆكۈل مۇلكىنى.

شاتىۋادا تون كىيىپ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق،
كۆكۈلچىلىكتە ئولتۇرۇپ، نەغمە ـ ناۋا باشلىدۇق.

بەيگە ـ ئوغلاق ئالىپ مەشرەپ قىلۇر كۈندۈر بۈگۈن،
قايغۇ ـ ھەسرەتلەر كېتىپ يايراشۇر كۈندۈر بۈگۈن.

كەلدى نورۇز يىل باشى ئەلدى تاماشا ئارىلاش،
بولدىلەر راھەت جاھانغا، يوق بولدى جاپا ئارىلاش.
كوچىدا قىلدى گاداي ـ شاھلار تاماشا ئارىلاش،
ئوينىدى پوگزەك ئوغۇل، لەگلەكنى قىزلار ئارىلاش،
بارچە خۇشلۇق يېتىپ كەلدى تاماشالار كۆپ بۈگۈن.
......
كەلدى نورۇز يىل باشى، كۆپ سائادەتتۇر بۈگۈن،
نورۇز قىلماق ـ يايرىماق كۆپكە ئادەتتۇر بۈگۈن.
تەجرىبە قىلساڭ ئەگەر، كۆپ ئالامەتتۇر بۈگۈن،
ئۆيدىن ئۆيگە ھېيتلىشىپ مېھمان بولۇر كۈندۈر بۈگۈن.

كىگىزلەرنى قېقىشتۇرۇپ، ئۆيلەرنى قىلغىن يورۇق،
بۇلۇڭلاردا قالمىسۇن پايتىما، ئەسكى چورۇق،
بولسۇن مۇھىت پاكىز، ئەخلەت ـ چاۋادىن ئەسەر يوق،
كەلسە مېھمانلار كۆرۈپ، كۆڭۈللىرى بولسۇن ئوچۇق،
بەھۇزۇر كەيپ سۈرۈپ، يايرىسۇن مېھمان بۈگۈن.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ قوشاقلاردا «نورۇز»نىڭ ئۇيغۇرلاردىكى «ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈن»، «ياخشى سائەتتە باشلانغان ئىش راۋاج تاپىدۇ»، «يىل قانداق باشلانسا، شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن مۇقەددەس ئەقىدىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، بۇ كۈننى قانچە ئۇلۇغلاپ قۇتلۇقلىسا، خۇشال ـ خۇرام قارشى ئالسا بولىدىغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئومۇمەن، «نورۇز» بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەت ـ قائىدىلەردىن «نورۇز قوشىقى» ئوقۇش، «نورۇز ئېشى» ئېتىپ ئىچىش، «نورۇز چېيى» تەييارلاش، «نورۇز سۈيى» ئىچىش... لەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئادەتلەر ھېلىھەم ھەرقايسى جايلاردا ھەر خىل شەكىلدە داۋاملىشىپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتماقتا.

ئادەتتە، نورۇز كۈنى ئالدى بىلەن مەھەللە ئىچىدە ئۆزئارا ھېيتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۆز ھالىغا يارىشا ھارۋا ـ مەپە ياكى ئات ـ ئۇلاغلارنى تەييارلاپ، خۇددى كۆچكەن قۇشلارغا ئوخشاش ئايدالا ۋە «ئېلىش بېشى»غا بارىدۇ. بۇنداق كۈنلەردە ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ چىققان بالىلار ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىدۇ. مەسىلەن، «بوستان چاچ ئويۇنى»غا ئوخشاش. دېمەك، بۇ ئويۇننى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «نورۇز» پائالىيىتى ئەۋلادلارغا تۇغۇپ بەرگەن.

«بوستان چاچ ئويۇنى» باھار پەسلى، بولۇپمۇ «نورۇز» نىڭ ئالدى ـ كەينىدە «ئېلىش بېشى»دا قىزلار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. ئادەتتە قىزلار بۇ ئويۇننى «نورۇز» پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن «سۇ بېشى»غا چىققان چوڭلارغا ئەگىشىپ بېرىپ ئوينىسىمۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆز ئالدىغا توپلىشىپ بېرىپ ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئويۇننىڭ جەريانى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن ئويۇنغا قاتناشماقچى بولغان قىزلار «ئېلىش بېشى» دىكى ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى قاسنىقىدا زوڭ ئولتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۇششاق ئۆرۈلگەن (ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچىنى 15، 17، 21، 41 دېگەندەك تاق سان ئاساسىدا ئۆرىدىغان ۋە كوكۇل چاچ قويىدىغان ئادەت بار) چاچلىرىنى چۇۋۇيدۇ. ئاندىن چېچىنىڭ ئۇچىنى «نورۇز سۈيى»گە چىلاپ يۇيىدۇ. بۇ جەرياندىكى ھەرىكەتلەر ئۆرۈمە چاچنى چۇۋۇش، ئۇچ تەرىپىنى پاكىز يۇيۇش، تاراش، قايتا چىرايلىق ئۆرۈش قاتارلىق تەرتىپ ئاساسىدا تېز ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى قېشىدا ئولتۇرغان قىزلار خۇددى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەرگە چۈشكەن ماھىرلاردەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئويۇن باسقۇچلىرىنى ئۇنۇملۇك، چاققان ئورۇنداشقا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ.

«بوستان چاچ ئويۇنى» ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، قىزىقارلىق بولۇپ، چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، قىزلارنىڭ ئۇزۇن (بوستان) چاچلىق، سۇمبۇل چاچلىق بولۇش ئارزۇسىنى رېئاللاشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئويۇندىكى مۇھىم باسقۇچ بولغان «چاچ يۇيۇش» ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش

ئەتىيازدا كېلىدىغان «چېچەك سۈيى» ياكى «نورۇز سۈيى» قىزلارنىڭ چېچىنى ئۆستۈرىدۇ دەيدىغان ئەنئەنىۋى قارىشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. قىزلارغا خاس بۇ خىل ئويۇن ئۇلار ئۈچ-تۆت ياشقا كىرگەندىن تارتىپ تاكى قۇرامىغا يەتكەنگە قەدەر ئوينىلىدۇ.

بۇ ئويۇن قىز ئۆسمۈرلەرنى كەڭ تەبىئەت، جۇملىدىن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي، تەربىيىۋى ئەھمىيتى ئالاھىدە زور بايرىمى «نورۇز» ۋە «نورۇز پائالىيەتلىرى» بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارغا مول بىلىم بېرىدۇ، ئەجدادلارنىڭ تېگىشلىك ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەدەن چېنىقتۇرۇش، پاكىز تەبىئەتلىك بولۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ ئۇلارنى چاققان، چەبدەس بولۇشقا يېتەكلەيدۇ، «بوستان چاچ»، «سۇمبۇل چاچ» بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.



# يارغۇنچاق ئويۇنى

بۇ ئويۇن ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ھەمدە بارغانسېرى يېڭىدىن يېڭى مەزمۇن تېپىپ، مۇكەممەللىشىپ، قىممەتلىك مەدەنىي مىراس سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

«يارغۇنچاق ئويۇنى» ئادەتتە ئايرىم جايلاردا «تۇگمەن ئويۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، تارىم بوستانلىقلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا شەھەرلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراق دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرىگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيگەن. بۇ ھال، دان ئايرىش ۋە يانجىش قوراللىرىنى تەقەززا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن دانلىق ئاشلىقلارنى يانجىپ ئۇن قىلىپ، نان، ئۇنلۇق تاماق قاتارلىق پىششىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۈگمەن ۋە ئۇنىڭ ئۇندۇرمىسى بولغان ياغۇنچاق ھۈنەر-سەنئىتى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېڭىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا «ياغۇنچاق ئويۇنى»دىن ئىبارەت مىراسنى ھەدىيە قىلغان. بالىلار ئاتا-بوۋىلىرىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، بۇ ئەھمىيەتلىك ئويۇننى ئويناش، ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئويۇنچۇقلارنى ياساش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋالغان.

بۇ ئويۇن ھەرقايسى پەسىللەردە قىز-ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ، ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ، ئازادە، خالىي مەيدان بولسىلا كۇپايە. ئويۇن باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئوغۇللار ئۆزلىرى خالاپ ئىككىدىن بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ «يارغۇنچاق» ياسايدۇ؛ قىزلار تۆت-بەشتىن بىر گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ «بۇغداي»، «قوناق» تەييارلىشىدۇ.

يارغۇنچاق ياساش ئۇسۇلى: ئوخشاش چوڭلۇقتىكى ھەر خىل ساپال قاچا ياكى گۈل تەشتەكلىرىنىڭ ئاستى چەمبەر قىسمىدىن بىر جۈپتىن تەييارلىنىپ، تاش ياكى تۆمۈر پارچىلىرى ئارقىلىق يونۇلۇپ ياپسا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ بىر جۈپ چەمبەرنىڭ بىرى ئاستى تاش (ئەركەك)، يەنە بىرى، ئۈستى تاش (چىشى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئاستى تاشنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن مىخ ياكى پىچاق (تۆمۈر-تەسەك) ياردىمىدە قەلەم قاپقۇچنىڭ ئېغىزى چوڭلۇقىدا تۆشۈك ئېچىلىپ (چەمبەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم

قېلىنلىقىغىچە)، بۇ تۆشۈككە چىڭقىلىپ چۈشكۈدەك تومـ
لۇقتا سەككىز ـ ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ مىخ
ياسىلىدۇ. بۇ، «ئوق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن ئۈستى
تاشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن بايىقى «ئوق» پېتىپ، بىمالال
ئايلانغۇدەك ئۆتتۈشمە تۆشۈك، ئوڭ چېكە تەرىپىدىن
«تۇتقۇچ» ئورناتقۇدەك يېرىم ئۆتتۈشمە تۆشۈك ئېچىلىـ
دۇ. يېرىم ئۆتتۈشمە تۆشۈككە چىڭقىلىپ چۈشكۈدەك تاـ
ياقچە قېقىلىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: بىردىن يارغۇنچاق تەييارلىغان ئىككى ئوغۇل بالا بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئوگۈتچى (ئۇن تارتقۇچى) تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا قىزلار ئالدىن تەييارلىۋالغان «بۇغداي»، «قوناق» (شۇ شەكىلدىكى نەرسىلەر)نى ئېلىپ كېلىشىپ «تۈگمەنچى»لەرگە بېرىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىمۇ «ئۇن» تارتىلغۇچە قاراپ تۇرۇشىدۇ. بەزىدە «ئۇن تارتىش»قا ياردەملىشىدۇ. تۈگمەنچى ئوغۇلنىڭ بىرى ئاستى ـ ئۈستى تاشلارنى جۈپلەپ، ئۈستى تاشنىڭ ئوڭ بۇلۇڭىدىكى قۇلىقىدىن تۇتۇپ ئوڭ ـ تەتۈر (قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭـ غا) ئايلاندۇرىدۇ. يەنە بىرى، بايىقى بۇغداي ياكى قوناق (ئوگۈت)تىن چاڭگىلىغا ئېلىپ ياغۇنچاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈككە ئۇدۇللۇق سالىدۇ. تېگى ـ تۆپى تاش ئارىسىدا ئېزىلگەن بۇغداي ياكى قوناق (بۇلار ئېزىلىدىغان نەرسە بولۇشى شەرت) «ئۇن» بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئويۇن ئەنە شۇ ئۇسۇلدا داۋاملىشىدۇ. ئويۇننىڭ قەدەم ـ باسـ

قۇچلىرى چوڭلارنىڭ تۈگمەنلەردە ئۇن تارتىشلىرىغا تەقلىد قىلىنغان بولىدۇ. ئادەتتە ئويۇن ئېھتىياجى بىلەن، ئويۇن كۆرسەتكۈچى (تۈگمەنچى)لەر بىلەن ئويۇن كۆرگۈچى (ئۇن تارتقۇچى) قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئورنى ئالمىشىپمۇ تۇرىدۇ.

ئادەتتە يارغۇنچاق جايلاشتۇرۇلغان ئورۇن پاكىز تازىلىنىپ، مەلۇم چوڭلۇقتىكى دۈگىلەك دائىرە ئىچىگە ئېلىنىدۇ. بۇ يەر «خامپا» دېيىلىدۇ. خامپا ئىچىگە تۈگمەنچىلەردىن باشقىلارنىڭ خالىغانچە كىرىشى چەكلىنىدۇ. ئويۇن كۆرگۈچىلەر خامپىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كۆرىدۇ.

بۇ ئويۇن تارىخىي ۋە رېئال بىلىم بېرىش، تۇرمۇش ئۆگىتىش ئۆزگىچىلىكلىرىگە ئىگە بولۇپ، قىز ـ ئوغۇل ئۆسمۈر ـ ياشلارنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىدە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بالىلار بۇ ئويۇن ئارقىلىق ئەجدادلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سۇ قۇرۇلۇشى ــ تۈگمەن ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن بولغان چەمبەرچاس مۇناسىۋىتىنى تونۇپ يېتىدۇ؛ ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىدىغان ئاش ـ نانىنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە تەييارلىنىش جەريانلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كەشپىيات ئۆگىنىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرىدۇ، ئۆزئارا ئىناق، مېھرىبان ئۆتۈشىدۇ؛ ئەجدادلىرىنىڭ ئىلغار خاسلىقىنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزىدۇ.

(ئاپتور: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۇنۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ (0991)

هۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# فارابىنىڭ تەنھالىق ئىستىكى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا تارىخىمىزدىكى ئورنى

زىمىننىسا مۇھەممەد ئەيسا



ئۇلۇغ ئالىم فارابىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە بۇ يىل توپتوغرا 1137 يىل بولدى. ئۇ مىلادىيە 870 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب ـ ئوترار ـ جەۋھەر شەھىرىنىڭ «ۋاسچ» ھەربىي قەلئەسىدە توققۇز ئوغۇز ــ توققۇز ئۇيغۇر چەۋەنداز ھەربىي ئوفىتسېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادىيە 950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرى سىرتىدا لېكسىيە قىلىش سەپىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن، تۈرلۈك ئىلىم تۈرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن بۈيۈك پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلغان. ئۇنىڭ ھۆرمەتجان فىكرەت ۋە جاپپار ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان «پەزىلەتلىك شەھەر ئائىلىسى» ناملىق كىتابىدا «فارابى كىم؟» سەرلەۋھىلىك سۆز بېشىدا بېرىلگەن مۇنۇ بايانلارغا كۆز يۈگۈرتسەكلا، فارابى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز.

«فارابى مەشغۇل بولغان ئىلىملەرنىڭ ھەر بىرىدە ناھايىتىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئىختىساس ئىگىسىگە خاس بولغان قابىلىيىتىنى نامايان قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنى ئالىم دېگەندىن كۆرە، ئاكادېمىك دېيىش تېخىمۇ توغرىراق بولىدۇ. ئۇ ناھايىتىمۇ كەمتەرلىك بىلەن ‹ناۋادا مەن ئارىستوتىل دەۋرىدە تۇغۇلۇپ قالغان بولسام ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى شاگىرتلىرىدىن بىرسى بولاتتىم› دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارىستوتېلنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزباسارى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. مۇبادا فارابى 18 ـ ئەسىردە تۇغۇلۇپ قالغان بولسىدى، شۈبھىسىز ھالدا ئېنسىكلوپېدىكلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىدىن بىرى بولاتتى. ئەگەر بۈگۈن ئارىمىزدا بولسىدى، ئىلىم ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق چولپان بولۇپ، ھەممىمىزگە نۇر چاچاتتى (ئىدىيە تارىخىدا بۇ خىلدىكى ئىنسانلار ھەر ۋاقىت چىقىۋەرمەيدۇ).

پەرىزىمچە، فارابىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىزتىراپى يالغۇزلۇق بولسا كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ يالغۇزلۇقى ئۆزىنىڭ روھى ۋە زېھنى ئۈستۈنلۈكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى...». بۇ ئابزاستىن بىز فارابىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئۆزىگە مەسلەكداش، پىكىرداش تاپالماي ئىزچىل يالغۇز ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. ئېنىقكى، ئۇ ئەقىل ۋە تەپەككۇر جەھەتتە ئىنسانىيەت ئالىمىگە يارالغان ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن خاس ۋە شەرھىي ئەسەرلىرىدىن بولۇپ 160 پارچىدىن ئارتۇق (تىزىمغا ئېلىنىپ مەلۇم بولغانلىرى) ئەسىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى، فرانسىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، مىسىر، سۈرىيە، ئىراق، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فارابى ئەسەرلىرى تەتقىقاتى بىلەن ئۇچراشقىلى باشلىغان ۋاقتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى بولدى. بۇنىڭدىن بىز بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ ئىنتايىن كەمچىل ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. شۇنىڭ

ئۈچۈن ئۇنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق
كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.
فارابى ئۆز ئۆمرىدە پەلسەپە، مەنتىق ئىلمى، ئەخلاق
ۋە روھىيەت ئىلمى، جۈملىدىن «پەلسەپە سۆزىنىڭ مە-
نىسى»، «ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىلىرى»،
«ئەقىل ھەققىدە پۈتۈك»، «قىياس ئۇسۇللىرى»،
«ئىسپاتنامە»، «ئەخلاقنامە»، «روھنىڭ ماھىيىتى
ھەققىدە رىسالە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىشتىن سىرت،
باشقا ئىلىم ساھەسىدىمۇ 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر
يازغان. فارابىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە يېزىپ قالدۇرغان ئە-
سەرلىرى بۈگۈنگىچە دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى ئىلىم
ئىگىلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا، ھاياتىغا ئاجايىپ چوڭ تەسىر
كۆرسەتكەن. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، تۈرلۈك ئىلىم سا-
ھەسىدە ئىزدىنىۋاتقان، ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدە تەپەككۇر
قىلىپ قولىغا قەلەم ئېلىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەمە-
لىيىتىدە فارابى روھىنى تەشەببۇس قىلىش ئەڭ ئاقىلانە
تاللاش دېيىش ئارتۇق كەتمەس. چۈنكى، گەپنىڭ ئو-
چۇقىنى ئېيتقاندا، ئەقلىي تەپەككۇر ئالەمدە ئۆزگىلەر-
نىڭ ئەقلىنى، قاراشلىرىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئۆزى
مۇستەقىل تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدىغان، ھەتتا بىر ئۆمۈر
باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىپ، ئۆز نو-
پۇزىنى تىكلىگەن ساختا ئىلىم ئەھلىلىرىنى يوق دېيەل-
مەيمىز. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ساپ
ۋە ھەقىقىي ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى دەل
ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلىنماسلىق، ئۇلارغا بىنورمال دەپ باھا
بېرىلىش سەۋەبىدىن چەتكە قېقىلىش تەقدىرى فارابىدەك
يېگانە تالانت ئىگىلىرىنى يالغۇزلۇققا، پىكرى مەسلەك-
داشلارنىڭ يوق بولۇشىغا قىستىغان. فارابىنىڭ تارىخ-
تىكى بۇ خىل يالغۇزلۇق قىممىتى ھەققىدە فارابىشۇناس
تۈرك يازغۇچىسى نافىز دانىشمەن «فارابىنىڭ بۇ يال-
غۇزلۇقنى ئۆزى ھېس قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەتراپىدىكى-
لەرمۇ تولۇق ھېس قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۆز زاماندا-
داشلىرى، ھەتتا بىر مەملىكەت، بىر شەھەردە بىللە يا-
شاۋاتقان زاماندىشلىرى گويا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن
خەۋەرسىزدەك ھەركەت قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ قارىشىدا
سۆزلىگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىغاچقا، پەقەت ئۇن چە-
قارمىغان ھالدا سۆزلىشەتتى. ئەبۇل ناسىر فارابىنىڭ
ئۆلچەملىرى ئەڭ بىلىملىك ھېسابلانغان زاماندىشلىرد-
نىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرغۇدەك دەرىجىدە كەڭ ئىدى...»
دەپ يازغان. نافىز دانىشمەن يەنە «فارابىنىڭ ئۇسلۇبى
ئۇنىڭدىن قوشۇر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە خىلاپ
ھالدا ئوچۇق، قولاي ۋە ئاددىيدۇر. بۇنىڭغا قارىماستىن،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاسانلىقچە ئوقۇپ چۈشەنگىلى بول-
مايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، تېما ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ بەك
ئابستراكت ئىكەنلىكىدىندۇر... ئۇ ھاياتىنىڭ ھېچبىر
باسقۇچىدا ماددىي نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرمىغان، بې-
غىشلاش روھىنى تولۇق نامايان قىلغان، زۆرۈرىيىتى
ئېھتىياجلىرىدىن ئاشقان ماناشنى ئېلىشنى رەت قىلغان،
شادلىقتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، جامائەت ئىچىدە ياشاش
ۋە نەپسىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىشچىلىق بىلەن كۈن
ئۆتكۈزگەن. مەغرۇرلۇق قىلغۇچىلارغا قاتتىق نەپرەتلە-
نىپ، ئۇلارغا قاراشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ياشىغان...».
بۇنىڭدىن، بىز فارابىنىڭ يېگانە بولغاندىمۇ ھېچكىمگە
ئوخشىمايدىغان يېگانە شەخس ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ
ئۆزىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدە ئۆز تەنھالىقىنىڭ سەۋەبىنى نا-
ھايىتىمۇ جايىدا ئىپادىلىگەن: «زاماننىڭ تەتۈرلۈكى،
دوستلۇقنىڭ پايدىسىزلىقى، ھەر باشلىقنىڭ كىشىنى بىزار
قىلىشلىرى ۋە ھەر كاللىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى كۆر-
گىنىچە ئۆيۈمگە مۆكۈنۈپ شەرىپىمنى (نامىمنى) ساقلاشنى
زۆرۈر بىلدىم...».

نافىز دانىشمەن فارابىغا باھا بېرىپ يەنە مۇنۇ باياند-
لارنى يازغان: «ئەبۇل ناسىر فارابى ئىراقتىن سۈرىيىگە
كەلگەندە، بۇ مەملىكەتنىڭ دانىشمەن ئالىملىرى يىغىلىپ
ئۇنى مۇنازىرىگە تەكلىپ قىلغان. مۇنازىرە باشلانغاندا،
ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەنقىد ۋە ئېتىراز ئاۋازلىرى
فارابىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماي قويغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ
قايىل قىلارلىق جاۋابلىرى ئالدىدا بۇ ئاۋازلار ئاستا ـ
ئاستا پەسىيىپ، ئاخىر يوقالغان. پەقەت فارابىلا سۆزلەشنى
داۋاملاشتۇرغان، باشقا ئالىم ـ ئۆلىمالار قوللىرىغا قە-
غەز ـ قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى خاتىرىلەشكە
كىرىشكەن... فارابى يېقىن ـ يىراقلاردىن ئۆزى بىلەن پە-
كىرداش بولغۇدەك ھەمسۆھبەت ئادەم تاپالمايتتى. شۇ

uyghurkitap.com



سەۋەبتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چۆكۈپ، ئۇرغۇۋاتقان روھىي ۋە ئەقلىي كامالىتىنىڭ چەكسىز ئۇپۇقلىرىدىن ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدەيتتى...»، «ۋەھالەنكى، فارابىنىڭ بۇ كاتتا يالغۇزلۇق ھاياتىنى بىزەپ، ھۆسن قوشۇپ تۇرغان باشقا گۈزەللەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئاجايىپ باي روھىيىتىنىڭ سىماسىدا جىمىرلىشىپ تىترەۋاتقان يۇلتۇزلارنى بىر خىل سىرلىق (مىستىك) بېقىشلار بىلەن تاماشا قىلىپ، كائىناتنىڭ ئىلاھىي ئاھاڭىنى ئۆز ئىجادىيىتى بولغان ساز ۋە قالۇن تارلىرى بىلەن مۇڭداشتۇرۇپ، كۆكلەم پەيزىدە گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇش ھىدلىرى بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن ھېكمەتلىرىنىڭ سىرلىرى ئىچىدە مەستخۇش بولاتتى...» ① .

مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، فارابى روھ ئالەمىدە ۋە رېئاللىقىدا ئەڭ مۇكەممەل ھايات كەچۈرگۈچى بولغان. ئۇنىڭ ھاياتىدا تەپەككۇر قىلىش، ساز چېلىش ئاساسلىق پائالىيەت بولغان.

## 2. فارابىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى ئورنى

فارابىنىڭ مول ئىلمىي مىراسلىرى ئىچىدە مۇزىكەشۇناسلىققا ئائىت تۆھپىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئابدۇراخمان جامى (14 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ شائىر نەۋائىنىڭ ئۇستازى) ئۆزىنىڭ «رىسالەئى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنى مۇزىكشۇناسلىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم دەپ كۆرسەتكەن. ئاكادېمىك ت. ن. قارى نىياز فارابىنى مۇزىكا نەزەرىيە ئاساسچىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىغان. فرانسۇز ئالىمى كارراديۇۋۇ فارابىنى ئەڭ مەشھۇر مۇزىكشۇناس دەپ تەرىپلىگەن. مەشھۇر ئالىم سارتۇن ئۇنى ئۆز دەۋرىدە ياۋروپالىقلارنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسىدىن تولىمۇ ئىلگىرى كەتكەن دەپ باھالىغان. ئەنگلىيە شەرقشۇناسى گ. فارمېر ئۆزىنىڭ «پىرسىيە سەنئىتى ھەققىدە بايان» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيەچىسى دېگەن.

فارابى مۇزىكا ئىلمىنى تەبىئەت ئىلمىنىڭ، بولۇپمۇ ماتېماتىكىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان. فارابىنىڭ نەزەرىدە مۇزىكا ئىلمى ئالەم گارمونىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەر مۇزىكىچىلىقىدىن پىششىق خەۋەردار بولغاندىن تاشقىرى يەنە پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى، قەدىمكى مۇزىكا مىراسلىرى، قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋە ئەل كىندىنىڭ (800 ـ 879) مۇزىكا كۆز قاراشلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. مەركىزىي ئاسيانىڭ يەرلىك ئاھالىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر فارابى دەۋرىدىن ناھايىتى ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ خېلى مۇكەممەل مۇزىكا سەنئىتىنى بەرپا قىلغان. بۇ ھال فارابىنىڭ كېيىنكى ئۇتۇقلىرىنى مول مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن.

ئەرەب دۇنياسىدا پىفاگورنىڭ مۇزىكا كۆز قارىشى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. پىفاگور (مىلادىدىن بۇرۇنقى 580 ـ 500 ـ يىللار) قەدىمكى گرېتسىيىلىك پەيلاسوپ بولۇپ، ئۇ مۇزىكا ھادىسىسىنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلاپ تەھلىل قىلغان. فارابى مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلەن فىزىكىلىق ئاۋازنىڭ پەرقىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىفاگور مۇزىكا تەلىماتىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. فارابى ئاۋازنى ماددىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلاپ ئىزاھلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلەن فىزىكىلىق ئاۋازنى پەرق ئېتىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ ئىزاھلىغان.

فارابى، «مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلىش جەريانلىرىدىن تاشقىرى بولغان ئادەتتىكى فىزىكىلىق ئاۋاز بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇزىكىلىق تەلەپ ۋە ئۆلچەم بويىچە ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئۇنى قايتا كونكرېتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ قارىغان. ئۇ ئابستراكتلاشتۇرۇلغان مۇزىكىلىق ئاۋازنىڭ مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىنى ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ كونكرېت مۇزىكىلىق ھېسسىياتقا ئايلىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، فارابى مۇزىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىنساننىڭ بىلىش ۋە پەرق ئېتىش، ھوزۇرلىنىش ۋە بىزار بولۇش ئىقتىدارى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان.

فارابى: «ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى تۈپەيلىلىدىن، مۇزىكىلىق ئىستېدات تۈپەيلىدىن مۇزىكىلىق

ئاۋازلارنى پەرق ئېتەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنەلەيدۇ، ئۇنىڭغا ھېسسىيات بېغىشلىيالايدۇ ۋە مۇزىكىلىق تۇيغۇ تۈپەيلىدىن شېئىرىي ھېسسىيات ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ»، دەپ قارىغان.

فارابى مۇزىكىنى ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى مۇزىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلگەن ھەم ئۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ مۇزىكا ئىلمىنى تەشكىل قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئەمەلىي مۇزىكىنى ۋاكاللىق مۇزىكا ۋە ئىنسترومېنتاللىق مۇزىكىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلگەن. فارابى يەنە مۇزىكىنىڭ ئىنسان روھىغا ۋە سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرى ھەققىدىمۇ توختالغان. فارابى مەنىۋى تەسىرىگە قاراپ مۇزىكىنى خۇشاللىق پەيدا قىلىدىغان مۇزىكىلار، مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق ئىزھار قىلىدىغان مۇزىكىلار، تەسەۋۋۇر ئويغۇتىدىغان مۇزىكىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلگەن. فارابى يەنە چالغۇلارنى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلغان، چالغۇلارنىڭ ئاۋاز دائىرىسى، ئاۋاز ئۆزگىرىشى ھەققىدە توختالغان. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ قالۇن، غىجەك، ئۇد چالغۇلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ياسىغانلىقى ۋە راك، ئۇشاق، ئۆزھال مۇقاملىرىنى ئىجاد قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

شۇنى دېيىش زۆرۈركى، فارابىدىن 1137 يىل كېيىن، پەلسەپە ئىدىيىسى، مۇزىكا سىستېمىسى ۋە تەبىئەت، ئاسترونومىيە، تېبابەت ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر ئالىمنى ئەسلەپ ياشاۋاتقان بۈگۈنكى خەلق ئۆز تارىخىدا ئەنە شۇنداق مول ئىلمىي نەتىجىلىرىنىڭ ساخاۋىتىنى كۆرمەكتە. بۇنىڭ تىپىك مىسالى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مىراسلىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقى. ئەمما، تەئەججۈپ بىلەن ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، سەنئەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان «سەنئەتكار» دەپ ئاتىلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە 12 مۇقامنىڭ بىرىنچىسى بولمىش «راك» مۇقامىنى كىم ئىجاد قىلغان؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. ئەلۋەتتە، فارابىنىڭ ئىسمىنى، ھاياتى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى بىلمەي تۇرۇپمۇ مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتقىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇ يېڭىدىن 12 مۇقامغا ئوخشاش بۈيۈك مۇزىكا ئەسىرىنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مەلۇمكى، فارابىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شان ـ شەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ بىر ئۆمۈر تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار، ئورۇنسىز خىيال، ئادەملەر ئارىسىدىكى بىمەنە قائىدە ـ يوسۇنلار تەرىپىدىن پاراكەندە بولمىغان. ئۆز ھاياتىدىكى بارلىق تەپسىلاتلاردىن ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچنى ئىزدىگەن ۋە ياخشى ياشاش ئىستىكىدە ئىزچىل تەپەككۇر ئالىمىگە ئىنتىلگەن. بۇ مەنىدىن، ئۇزلۇق ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئەبۇل ناسىر فارابىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشقۇچىلارنى ھاياتلىق ئالىمىدىكى تەلەيلىك بەندىلەر دېيىشكە بولىدۇ.

① فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» 6 ـ بەتتىن 11 ـ بەتكىچە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە مەدەنىيەت يۇرتىدا)

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**



# سەرراپلىق

بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار

ئۇيغۇر سودىسى ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان سەرراپلىقتىن ئىبارەت ئالتۇن ـ كۈمۈش، يامبۇ، تىللا ۋە چەت ئەل پۇلى، ئالماس، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، لەئلى ـ جاۋاھىر، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خىل كەسىپ بار. بۇ كەسىپ كۆرۈنۈشتە، ئالتۇن ـ كۈمۈش سېتىپ پايدا كۆرىدىغان تىجارەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كېپىللىك قىلىدىغان يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بىر خىل كەسىپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر سەرراپلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئازادلىققىچە سەرراپلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۇقىرى ئىناۋەتلىك بىر خىل كەسىپ بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋردە دۆلەت مالىيە كۈچىگە خېلى تەسىر كۆرسەتكەن.

سەرراپلارنىڭ تىجارەت ئۇسۇلى: ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە ئالتۇن سارىيى، سەرراپ بازىرى دېگەن مەخسۇس بازار، سارايلار بولىدۇ. چوڭ سەرراپلار ساراي ـ ھۇجرىلاردا مەخسۇس دۇكان ئاچىدۇ. ئۇشىشاق تىجارەت قىلغۇچى (سەرراپلار، بۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ سەرراپلارنىڭ سېتىۋالغۇچى، بازارنى كۆزىتىش خادىملىرى) ھازىرقى پاي چېكى بازىرىغا ئوخشاش ئالتۇن ـ كۈمۈش، يامبۇ، ئالتۇن ئاسقۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باھا تالاشتۇرۇپ ساتىدۇ. ئۇلار يەنە چەت ئەل پۇلىنىڭ ئىناۋىتى (قىممىتى)نى ساقلايدۇ.



شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن باشلاپ 1949 ـ يىلىغىچە چىقىرىلغان ھۆكۈمەت پۇلىمۇ كۈمۈش قىممىتىگە سۇندۇرۇلغان. مەسىلەن، بىر سەر تەڭگە 400 داچەن ھېسابلىنىپ، 400 داچەنگە تەڭ بىر سەرلىك قەغەز پۇل چىقىرىلغان. ھۆكۈمەت قەغەز پۇلنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن سەرراپلارغا موھتاج بولۇپ كەلگەن. مۇبادا كۈمۈش باھاسى ئۆسسە، قەغەز پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ ھۆكۈمەت زىيانغا ئۇچرىغان. شۇڭا سەرراپلار ئۆتمۈشتە دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ مۇھىم يۆلەنچۈكى بولغان.

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مال باھاسى سەرراپ بازىرىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش باھاسىنى ئاساس قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق پۇل پاخاللىقى ۋە مال باھاسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشىدەك ئىقتىسادىي مۇقىمسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينىغان.



2007.5

# توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق



بۇمەريەم شېرىپ خۇشتار

هۈنەر ـ سەنئەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى يىپەك يولىدىكى سودا ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئۇلار بۇ مۇنبەت زېمىندا سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىپ، تاۋار ـ دۇردۇن، كىمخاب، شايى ـ ئەتلەس، بەقەسەم، ماتا ـ چەكمەنلەرنى توقۇپ، يىپەك يولى سودىسىنى جانلاندۇرغان.

بۇنىڭدىن 70 ـ 80 يىللار ئىلگىرى، ياركەنت، خوتەن، قەشقەر ئۇستىلىرى توقۇغان ئەتىلا، كىمخاب، ئاق كالۋۇتۇن، سېرىق كالۋۇتۇنلۇق زەرباب رەختلەر چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنغان، كېيىنكى ۋاقىتتا شاگىرت تەربىيىلەش مەسىلىك ئەتىجىسىدە بۇ كەسىپ ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتنىڭ كىمخاب، ئەتىلالىرى ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن، ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق رايونلار يىپەكچىلىكنىڭ ئانا يۇرتلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان يەپەكتىن سېرىق، ئات باغرى، قىزىل ئالا، سېرىق ئالا، ئالاقاغا، قارا قاتارلىق كۆپ خىللىق ئەتلەس، تۆمۈررەڭ، يېشىل ئالاقاغا، مۇجەت قاتارلىق 20 نەچچە خىل بەقەسەم، ئاق، سېرىق، ئەت رەڭ، قارا، پور رەڭ شايى، قوش يىپلىق چەكمەن شايى قاتارلىق رەختلەر، يىپەك گىلەم، جايناماز، مېھراب ياپقۇ، بەلباغ، ئاياللار ياغلىقى، چۈمپەردە، پەرىجە، ھەتتا ئەگلەك شايىلارنى توقۇغان.

پاختىدىن ھەر خىل كاتەكچە، ھەيرانى ۋە ئانارگۈلى، ئالما گۈلى، يۇلغۇن چېچىكى، توز قۇيرۇقى، يېشىل، نىل رەڭ تولىما، شاتاۋا، ئاق قىرغاق سىماۋى تېرىكە، قوش يىپلىق رەڭمۇرەڭ تېرىكە قاتارلىق 70 ـ 80 خىل گۈللۈك رەخت، كۆپ خىللىق ماتا ـ چەكمەن (ماتا ـ چەكمەن ئاق توقۇلۇپ بويىلىدۇ)، ھەر خىل گۈللۈك پالاس، گۈللۈك تاغار، گۈللۈك خۇرجۇن، گۈللۈك ئىشتانباغ قاتارلىق 100 نەچچە خىل پاختا توقۇلمىلارنى توقۇيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تولانغان يىپتىن تۈۋتلىق توقۇپ، قىزىل، قارا كۆك ياكى نىل رەڭ بىلەن بويىغان چەكمەنلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار ساپ تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن ۋە تۈۋت ئارىلاشتۇرۇلغان تۆگە يۇڭىدىن چەكمەن (قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا، يۇڭ چەكمەنىنىڭ تۈرى كۆپ)، تۈۋت رومال، يۇڭ پالاس، كاشا، ئات ـ ئۇلاغلار ياپقۇسى قاتارلىق كۆپ خىل توقۇلمىلار ۋە يۇڭ تاغار، يۇڭ خۇرجۇن قاتارلىق ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇغان.

ئۇيغۇرلار بوياقچىلىققا ماھىر، ئۇلار قىزىل، نىل، قارا، قارا كۆك، زەيتۇنە، چەيزە رەڭ، شاپتۇل چېچىكى، ئانارگۈلى، خورما رەڭ، توپا رەڭ، ئەت رەڭ، توق سېرىق، تۇخۇم سېرىقى، پوررەڭ، كاۋا چېچىكى قاتارلىق كۆپ خىل رەڭ ئىشلىتىدۇ ۋە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈرىنى كۆپەيتىدۇ، رەڭلەرنى تەڭشەيدۇ.

تەڭشەلگەن رەڭلەردە يىپەك، پاختا، يۇڭ رەختلەرنى بويايدۇ، مەشۇت بويايدۇ. ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلىرى قىزىل رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرى قىزىل چەكمەن چاپان كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ھېسابلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نىل بويىقى دۇنياغا مەشھۇر. ئۇيغۇر بوياقچىلىقى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخۇمەك، زاك، زەمچى، ئانار پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، ئۆرۈك قوۋزىقى، ياڭاق پوستى، تۆمۈر دېتى، داشقال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ. بۇ خىل بوياق ئەسىرلەر بويى ئۆڭمەيدۇ. ئۇيغۇرلار توقۇغان «كونا رەڭلىك گىلەم»نىڭ خەلقئارا بازاردا ئەتىۋارلىق بولۇشى ئۇنىڭ رەڭ ـ بوياقلىرىنىڭ ئۆڭمەس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا)




# مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى ئۇسۇلى ۋە رولى

ئابدۇقەييۇم مىجىت، ئىدرىس قۇددۇس ئەركزات

2007.5

ئىنسانىيەتنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش يەرشارىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش قەدىمى
كۈنسايىن تېزلەشكەن بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.
يەرشارىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى تېزلەتتى. مىدىيە ۋاستىلىرىنىڭ مەدە-
نىيەت تارقىتىشى ۋە ئاممىباب مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى تەرەققىي تاپقان دۆلەت ۋە رايون-
لارنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەرشارىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە تارقىتىپ، بەزى تەرەققىي
قىلمىغان ياكى كرىزىس ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئەللەر ۋە رايونلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك
تېز سۈرئەتتە يوقىتىپ، مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماقتا. شۇڭا، ئەنئەنىۋى مە-
دەنىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان پەيتتە ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنى-
يەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەدەنىيەت ئىنسانشۇ-
ناسلىقنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى ئۇسۇللىرى ۋە ئۈلگىلىك رولى بىزنىڭ
ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىشىمىزگە
تولىمۇ پايدىلىقتۇر. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا قات-
نىششى تولىمۇ زوررۇر بولۇپ، ئۇ يەرشارىدىكى ھەر خىل مۇھىتتىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئىنسانىي نۇقتىدىن كۆڭۈل
بۆلىدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئارتقۇزۇپ كەلگەن مۇھىم
رولىنىڭ بىرى، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنى تونۇش، تەسۋىرلەش
ۋە شەرھلەشتىن ئىبارەت بولدى. ئىنسانشۇناسلار ئۆز مەدەنىيەت مۇھىتىغا يات بولغان جايلاردا دالا خىزمىتى بىلەن
شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئىنسانلار ئۇچۇن مول مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە
بولغان تونۇشىنى بېيىتتى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە قوغداش ئۇچۇن زور
تۆھپە قوشتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىلا نۇرغۇن ئىنسانشۇناسلار غەرب سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ غەيرىي غەرب
ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا قارىتا بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ھەمدە بۇ خىل
تەسىر ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىنسانشۇناسلارنىڭ دالا تەكشۈرۈش
خىزمىتى ئارقىلىق يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان نۇرغۇن «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ھادىسىلىرىنى خاتىرىلىۋېلىش ۋە

قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سانائەتلەشىش ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدا تارقىلىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەدەنىيەت كۆپ خىللىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھازىر كۆپ مىقداردىكى ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يەرشارىلىشىش دولقۇنىنىڭ گىرۋەكلىرىدە تۇرۇۋاتقان. گەرچە مول مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولسىمۇ، ئىقتىسادى ئاجىز ھالەتتىكى خەلقلەردە ساقلانماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئۇنى قوغداش مەسىلىسى كۈنسېرى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئىنسانشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل پەنلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن خەلقئارالىق مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلدى ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش مەسىلىلىرى مۇلاھىزە قىلىندى ھەمدە بېكىتىلدى. 1972-يىلدىن كېيىن، خەلقئارادا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تونۇش ۋە قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ، قوغداش سالمىقى ئاشتى. نۇرغۇن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرى قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 1989-يىلى 11-ئايدا ب د ت پەن مائارىپ تەشكىلاتى 25-قېتىملىق قۇرۇلتايدا خەلق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش تەكلىپىنى ماقۇللاپ، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىي ۋاسىتىلەر ۋە بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يەرشارىلىشىشنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدىغان مىراسلارغا نىسبەتەن زۆرۈر بولغان پەرقلەندۈرۈش، ئاسراش، تارقىتىش، قوغداش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش ھەمدە كىشىلەرگە كۆپ مىقداردىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ۋە ئاز سانلىق مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى بولغان ئېغىزاكى مىراسلارنىڭ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. 2000-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى، ب د ت پەن مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ پارىژدىكى باش شتابى تۇنجى قېتىم «ئىنسانىيەت ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»نى باھالاش يىغىنى ئېچىپ، «ئىنسانىيەت ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلار ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى»نى تۈزۈش تۈرىنىڭ رەسمىي باشلىنىپ، تۇنجى تۈركۈمدە «ئىنسانىيەت ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا 19 تۈرلۈك ئەسەرنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئېلىمىزدىمۇ سەنئەت ساھەسى ۋە كەسىپ ساھەسىدىكىلەر 2001-يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈزۈلمىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى قۇرۇش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، كۆپ خىل پەنلەرنىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلغار نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرى بىلەن ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا تۆھپە قوشۇشى تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. «ئېغىزاكى مىراسلار» ۋە «غەيرىي ماددىي مىراسلار»نى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى مەلۇم بىر مەدەنىيەت رايونىدا ئىختىرا قىلىنغان بارلىق ئىجادىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىجادىيەتلەر ئەنئەنىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. مەلۇم بىر توپ ياكى شەخس ئىپادىلىگەن ھەمدە شۇ رايون خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان؛ مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى، پرىنسىپى ۋە قىممىتى قىلىنغان؛ تەقلىد قىلىش ياكى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئېغىزاكى تارقىلىدىغان مەنىۋى مىراسلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى: تىل-ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئويۇن، ئەپسانە، مۇراسىم، ئادەت، قول ھۈنەر سەنئىتى، بىناكارلىق سەنئىتى ۋە باشقا سەنئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ئالاقە ۋە ئۇچۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەققىدىكى تونۇشى**

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى مەدەنىيەتكە «مەدەنىيەت — بىر جەمئىيەتتە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان تۇرمۇش شەكلى» دەپ تەبىر بېرىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش شەكلىگە سەنئەت، قىممەت قاراش، ئېتىقاد ۋە باشقا ئۆلچەملەر كىرىدۇ. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەۋە، لېكىن ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى دەپ ئايرىش تولىمۇ تەس. چۈنكى، ئىنسانلار مەدەنىيىتى بىر پۈتۈنلۈك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەدەنىيەت خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىك بىلەن

ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈنلۈك مۇناسىۋەت شەكلىدە مەۋجۇت بولىدۇ. مەدەنىيەت ئامىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش؛ ئادەم، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھەرىكەت؛ ماددىي مەدەنىيەت ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرا كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئۇنداق ئېنىق ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە تايىنىپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ھەرىكەت شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر مۇرەككەپ سىستېما. مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى بەلگىلىك ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت سىستېمىسى ۋە بىر قاتار ھەرىكەت ئۆلچىمى بولسا، بۇ سىستېمىنىڭ ھەرىكەت ئاساسىدۇر. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى بۇ تونۇشى ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆزلىرىنىڭ توشۇغۇچىسى بولغان بەلگىلىك ئىنسانلار توپىغا ئىگە. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشتا تايىنىدىغان ئاساسى بەلگىلىك ئىنسانلار توپىدۇر. كۆپ قىسىم ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماستىن، بەلكى كونكرېت توپ ۋە ئۇلارنىڭ رايوندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇلارنى ياراتقۇچى بەلگىلىك ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن يىلتىزداش ۋە ھەمنەپەس بولىدۇ. بۇ بەلگىلىك توپتىن ۋە ئۇلاردىن تەركىب تاپقان رايوندىن ئايرىلسا، ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تارقىلىشىنىڭ ئاساسىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يوقىلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز زامانىۋى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ئورۇنىدىغلى بولىدىغان ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى خاتىرىلىۋالساق بولىدۇ. ئەمما ئەگەر بىر خىل ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىغا بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ساقلاپ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆزى بولسا، قوغداش خىزمىتى شۇلار تەرىپىدىن قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بولسا بىر خىل جانلىق ھالەتتىكى مەدەنىيەت شەكلىدۇر. شۇڭا ئۇلار مەۋجۇت بولىدىغان جەمئىيەت بىلەن ئۇنى ساقلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە مەۋجۇتلۇق شەكلى بولىدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى شەكىلسىز بولۇپ تۇتقىلى بولمايدۇ. ئەنئەنە ئاساسىدا ئورتاق تاماملانغان كوللېكتىپ ئەسەرلەر، ئېغىزاكى رىۋايەت، ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، مۇزىكا، ئۇسسۇل، دىنىي مۇراسىم، تەبرىكلەش پائالىيىتى، ئەنئەنىۋى تېبابەت قاتارلىقلارنى ھەمدە قورال ـ سايمان ۋە تۈرلۈك مۇھىتى قاتارلىق شەكىللىك مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل ئالاھىدە تېخنىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ. قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، قۇرۇلۇشلار ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئامماباب مەدەنىيەت ياكى خەلق مەدەنىيىتى، دەپ تەبىر بېرىشكىمۇ بولىدۇ. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ «ئىپادىلىنىش شەكلى» ۋە «مەۋجۇتلۇق شەكلى» ئۇلارنىڭ ھەممە تەرىپى ئەمەستۇر. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن پەلسەپە، قىممەت قاراش، ئەخلاق مىزانى ۋە تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، بىر جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. مەدەنىيەت بولسا شەخسىي كىملىكنىڭ تەشكىلىي قىسمى. بىر مىللەت ياكى شەخسنىڭ كىملىكى قىلىنغان مەدەنىيەتنىڭ يادروسى قىممەت قاراش سىستېمىسىدۇر. بىر مىللەت كىشىلىرى باشقا بىر مەدەنىيەتنىڭ ماددىي قاتلىمىدىكى (يۈزەكى) نەرسىلەرنى ـــ مەسىلەن، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە ھەرىكەت شەكلى ياكى باشقا ماددىي تۇرمۇش شەكلى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك كىملىكى ۋە ئۆزىنى باشقا مىللەت ۋە قوۋملاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى يەنىلا ئۆزى تەۋە توپنىڭ قىممەت قاراش سىستېمىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىدۇر. قىممەت قاراش سىستېمىسى ۋە تەپەككۇر شەكلى بولسا ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇلار بىلەن ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ «ئىپادىلىنىش شەكلى» ۋە «مەۋجۇتلۇق شەكلى» بىر ۋەكىللىك ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىپ، مەدەنىيەت كۆپ خىللىقى چوڭقۇر قاتلىمىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا ئايلىنىدۇ. بۇ

نۇقتىمۇ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئوخشاشلا تەتقىق قىلىش ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىكتۇر. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تارقىلىش يوللىرىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرغۇچى «ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ تارقىلىش يولى، مۇقاملارنىڭ تارقىلىشىغا تۆھپە قوشقان خەلق سەنئەتكارلىرىنى تىلغا ئېلىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن پارچە ـ پارچە بوستانلىقلار ئارىسىدا مۇقاملارنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئۆزىنىڭ «ساتارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سېلىپ» (مەشرەپ شېئىرى)، تەكلىماكان ۋادىسىدا مۇقامدىن ئىبارەت بۇ كۈينى ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۇلىغان ئاشىقلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا مەدەنىيەت ھالقىغان ئالاقە ئىدىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى تەكىتلەش، تەتقىق قىلىنىدىغان مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ۋە جەۋھىرىنى توغرا تەسۋىرلەش ۋە شەرھلەش زۆرۈر. تەتقىق قىلغۇچىنىڭ مەدەنىيەتنى كۆزەتكەن، خاتىرىلىگەن ۋە تەسۋىرلىگەن ۋاقتىتا، تەتقىقاتچىنىڭ مەدەنىيىتىدە كىشىلەر ئاسانلىقچە سېزەلمەيدىغان بىر خىل «سۈزۈك» ۋە «تاللاش» رولى بولىدۇ. تەتقىقاتچى ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەتنىڭ قىممەت قاراش سىستېمىسى بىلەن «يات مەدەنىيەت»نىڭ قىممىتى ۋە فۇنكسىيىسىگە قارىتا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈم ئېھتىمال تەتقىقاتچىنىڭ «يات مەدەنىيەت»نى «خاتا چۈشىنىپ قېلىشى ۋە خاتا شەرھلەپ قويۇش»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. «يات مەدەنىيەت»نى تەتقىق قىلغاندا تەتقىق قىلىنىدىغان مەدەنىيەتنىڭ ئەزاسىمۇ چوقۇم قاتنىشىشى، ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. مىراس تۈرلىرىنى تەسۋىرلەش، مىراس يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى شەرھلەشتە، «مەدەنىيەت ئۆيدۈرمىچىلىقى» ھادىسىسىدىن ساقلىنىش تولىمۇ مۇھىم. بەلگىلىك ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تەۋە بولغان مىللەت تەتقىقاتچىسى بىلەن مىراسنى بىۋاستە ساقلىغۇچى ۋە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ قوغداش تۈرىگە قاتنىشىشى كەم بولسا بولمايدۇ. شۇ خىل غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىجاد قىلغان خەلقنىڭ ئۇنى قوغداش ھەققىدىكى يەرلىك بىلىملىرىگە كۆپرەك تايىنىش لازىم. چۈنكى، ئۇنى ئىجاد قىلغان خەلق باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنى قانداق قوغداشنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ مىللەت ئەزالىرى قوغداش خىزمىتىگە تەڭ ئىشتىراك قىلسا، ئەسەرنىڭ كۆپ قاتلاملىقى، مەدەنىيەت قىممىتى ۋە مەزمۇنىنى قېزىپ چىقىش ۋە رەتلەشكە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى مەقسەت، نىشان ئېنىق بولۇشى لازىم. «ئۇنى نېمە ئۈچۈن قوغدايمىز ؟ كىم ئۈچۈن قوغدايمىز ؟» دېگەن مەسىلە ئايدىڭ بولمىسا، ئۇنى قوغداشنى بەك تەكىتلەپ كېتىپ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ئۇنى قوغداشنىڭ مەقسىتى ب د ت پەن مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»دە كۆرسىتىلگىنىدەك: «مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش» ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئىنسانشۇناسلىقنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشى بىزنى ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ بەزى پىكىر يوللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**2. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتىكى كونكرېت ئۇسۇللىرى**

دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن ئېتنوگرافىيە زىيارىتى ۋە يېزىقچىلىقى ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ئۇسۇللىرى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئىنسانشۇناسلىقنى باشقا پەنلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر. ئىنسانشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ماتېرىيالى تەييار كىتاب، ماتېرىياللاردىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى مۇكەممەل دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن چىن ماتېرىياللاردۇر. دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى— مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئۇل تېشى، دەپ قارىلىدۇ. ئىنسانشۇناسلار دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ ماكرو ۋە مىكرو نۇقتىلىرىنى بايقاپ، مۇرەككەپ ۋە چىگىش ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن مەلۇم جايدىكى كىشىلەر توپىنىڭ ھاياتلىق شەكلىنىڭ قانداقلىقىنى تونۇپ، مۇئەييەن مەدەنىيەتنىڭ چىن مەنىسىدىن زوقلىنىدۇ ھەمدە ئۇنى تەسۋىرلەيدۇ. كۆپ ساندىكى

ئىبغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇزاق تارىخ ۋە ئەنئەنىگە ئىگە بولغان مىللەت ۋە خەلقلەر جەمئىيىتىدە ساقلانغان بولغاچقا، ئۇلارنى بايقاش، پەرقلەندۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ئىنسانشۇناسلىقتىكى دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدە رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلسا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخىمۇ ئىلمىيلىككە، چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولىدۇ.

ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئېتنوگرافىيە ئۇسۇلىمۇ مەدەنىيەتنىڭ «ئەينەن»لىكى ۋە ئۇنى «شەرھلەش»نى قوغلىشىدۇ، ئېتنوگرافىيە ئۇسۇلىدا بەلگىلىك مەدەنىيەت تېمىسىغا چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە تەھلىل قىلىش جەريانىدا يەرلىك خەلقنىڭ بىلىش تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئىگىلەش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتنوگرافىيە ئۇسۇلى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەنا سىستېمىسىغا بولغان چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشىنى ئىزدەشكە بەك كۆچەيدۇ.

ئىنسانشۇناسلىقنىڭ يېڭى بىر تارمىقى بولغان كىنو ــــ ئىنسانشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنسانشۇناسلىق فىلىملىرىنى ئىشلەش ئارقىلىق ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى خەلق ئىچىدىكى مەۋجۇت شەكلى قانداق بولسا شۇ پېتى، ئەينەن خاتىرىلەش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كىنو ئىنسانشۇناسلىقى بىلەن ئادەتتىكى كىنو ۋە كىنوشۇناسلىقنىڭ پەرقىنى چۈشىنىش زۆرۈر. ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە قوغداپ قېلىشتا قوغداش ۋاستىلىرى بىلەن تەتقىقات ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىلمىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى دەل ۋاقتىدا تونۇپ يېتىپ، خاتىرىلەشنىڭ ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسى بار. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تەسىس قىلىنغان مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە فىلولوگىيە پەنلىرىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ سالمىقىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش تەخىرسىز بىر ئىشتۇر.

قىسقىسى، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە قاتنىششى بۇ ھەقتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلمىيلىككە ۋە يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىش ھەققىدىكى تونۇشى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە ھەمدە ئۇنى قوغداش ئۇسۇللىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتچىلىرىنىڭمۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشتا باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. كۆپ مىللەت ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مۇھىتىدا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىشتا كەم بولسا بولمايدۇ.


پايدىلانمىلار:

①چياۋ شياۋگۋاڭ: «دۇنيا مىراسلىرى ئىنسانىيەت ئېغىزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى»، مەركىزىي سەنئەت ئىنستىتۇتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقات مەركىزى تۈزگەن. «مەدەنىيەت مىراسى ئۇچۇرلىرى»، 2002 ـ يىل.

②مۇكارا: «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە بىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىك تۇيغۇمىز»، مەركىزىي سەنئەت ئىنستىتۇتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تەتقىقات مەركىزى تۈزگەن. «مەدەنىيەت مىراسى ئۇچۇرلىرى»، 2001 ـ يىل.

③سۇي يەنخۇ: «جەمئىيەت مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نەزەرىيىدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان.

④كلىففورد گېرتز (ئامېرىكا): «يەرلىك بىلىملەر» ۋاڭ خەيلوڭ، جاڭ جيا تەرجىمىسى، بېيجىڭ، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، 1 ـ نەشرى.

⑤جۇاڭ كۇڭشياۋ: «ئىنسانشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «تەييۇەن»، شەنشى مائارىپ نەشرىياتى، 2001 ـ يىل.



(ئاپتورلار: ئابدۇقەييۇم مىجىت، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدا ئىدرىس قۇددۇس ئەركزات، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپى 2005 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)



ئۆمەرجان ئىمىن

# «قەشقەر» نى ئىزلەپ

*تەھرىر ئىلاۋىسى: ئاپتور يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ «يىلتىز ماركېتىنىڭ ئىلانچىلىق شىركىتى»نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ جەمئىيەتشۇناسلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى كەڭ دائىرىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن «ئالتۇن بۆشۈك—ئەزىزانە قەشقەر»ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي كىتابنى يېزىپ پۈتكۈزدى. بۇ ئاپتورنىڭ «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق كىتابىدىن كېيىنكى يەنە بىر ئېسىل ئەسىرى بولۇپ قالغۇسى. بىز «ئالتۇن بۆشۈك—ئەزىزانە قەشقەر» نىڭ جامائەتچىلىك بىلەن تېزراق يۈز كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىپ ھەم ئاپتورنىڭ سىرلىق لوپنۇر ۋادىسىدىكى جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە ئۇتۇق تىلەپ ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا مەزكۇر كىتابنىڭ بىر بابىنى ئېلان قىلدۇق.*

ئۇنىۋېرسىتېتتا تارىخ كەسپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىمىز دەرس ئارىلىقىدا قەشقەر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، پروفېسسور سۇبىخەي بىلەن مەرھۇم ئابلىمىت روزىنىڭ «سۇلى ھەم قەشقەر» نامى ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىككى ماقالە ھەرھالدا قەشقەرگە ئائىت ئىزدىنىشلەر ئىچىدىكى ياخشى ماقالىلەردىن ھېسابلىناتتى. بۇ ئىككى ماقالىدە «قەشقەر» نامى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا موڭغۇللار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن دېيىلىش بىلەن بىرگە، «سۇلى» دېگەن ناممۇ قەدىمىي تۈركىي تىللاردا «سۈيى ئەلۋەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قەيت قىلىنغانىدى.

كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە يىپەك يولى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلدى. ھەتتا مەخسۇس تېمىدىكى ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا

www.uyghurkitap.com



كەلدى. ئەمما بۇ جەرياندا قەشقەرنىڭ مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى زامان دەۋرىدىكى ئاتىلىشلىرىغا «سىرىس»، «ئوردۇكەنت» دېگەن ناملار قوشۇپ قويۇلغاچقا، ئەسلىدىنلا قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بۇ نام تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە، ئىلمىي ئاساسى يوق پىكىرلەر بارغانچە كۆپىيىپ، بۇ جەھەتتىكى قايمۇقۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

بۇ ماقالىدە ئۇزاقتىن بۇيان توپلىغان يازما ماتېرىياللار ئارقىلىق قەشقەرنىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە بۇ ناملارنىڭ ئېتمولوگىيىسى توغرىسىدا ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

قەشقەر «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «سۇلى» دېگەن نامدا كۆرۈلگەندىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 727 ـ يىلى «كاشگىرى» دېگەن نامدا ئاتالغىچە بولغان ئارىلىقتا سۇلى، سۇليا، سۇلىك، سۇلىگ ۋە سۇلى دېگەن ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەندى. گەرچە بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى «سۇلى» دېگەن سۆزنىڭ ھەر خىل يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزى بولسىمۇ، بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ ئۇقۇشماسلىق، بۇ سۆزنىڭ قايسى خىل تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلىغا مەنسۇپلۇقى بىلەن ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ زادى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە كۆرۈلگەندى. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كۆپ سانلىق شەرقشۇناسلار بۇ ھەقتە ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلگەندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋرىل ستېيىن، بىرتشىيندر، منورىسكى، پېللىئوت، ھېرمان، چاۋاننىس، شراتۇرى كوراكچى، روكھىل، توماس، بەيلى، ئېمىرسىك، فېڭ چېڭجۈن، سىن جۇڭمىيەن، سۇبىخەي، گېڭ شىمىن، ئىبراھىم مۇتئىي، روڭ شىنجياڭ، لىن مېيسۇن، چيەن بوچۈەن قاتارلىقلار بىر قاتار ئەھمىيەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولاتتى.

بىرىنچى، «سۇلى» ـ سۇلۇق ياكى سۇلىك دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تۈرك تىلىدا سۇ بار جاينى «سۇلۇق» دەپ ئاتايدۇ. قەشقەرنىڭ سۈيى ئەلۋەك بولغاچقا، «سۇلى» دەپ ئاتالغان ①.

ئىككىنچى، «سۇلى» ـ خەنزۇ تارىخنامىلەردىكى سۇلى (سوغد) بولۇپ، «سۇلاق» ياكى «سۇلى»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، «سۇلاق» ياكى «سۇلى» سۆزلىرى «سوغداق»نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر ②.

ئۈچىنچى، «سۇلى» ـ ھون تىلىدا «سېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سەددىچىنىنىڭ ئەتراپىدىكى موڭغۇللار «سېرىق» دېگەننى «سىرا» دەپ ئاتايدۇ. داغۇر ۋە شىۋە تىللىرىدىمۇ «سېرىق»نى «سارا» دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «سېرىق» دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى سىيانپېي تىلىدا «سا ـ ئارىق» دېيىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى بىر دەريا «ساراق» دەپ ئاتالغاچقا، «سېلىنگا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ③.

تۆتىنچى، قەدىمكى غەرب ماتېرىياللىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، «سېرىس» دەل جۇڭگونى كۆرسەتمەيدۇ. ئەينى چاغدا غەربلىكلەر جۇڭگونى باشقا نام بىلەن ئاتايتتى، بۇنىڭدىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، «سېرىس» ـ ئەمەلىيەتتە «سۇلى»نىڭ دەل ئۆزىدۇر ④.

يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراش بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، كېيىنكى ئىككى خىل قاراش پەقەت يېقىنقى مەزگىللەردىلا ئوتتۇرىغا چىققاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى ئاساسىمۇ ئاجىز بولغاچقا، ئانچە زور قوللاشقا ئېرىشەلمەي كەلدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «سۇلى» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تىل ۋە تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دەلىللەش مۇھىم بولۇپلا قالماي، «سۇلى» نامىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئاتىلىشلىرى ئىپادە قىلىنغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ئىدى.

قەشقەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ھەققىدە ئىزدەنگەن كۆپ سانلىق ئالىملار: «ھونلارنىڭ زەربىسى بىلەن غەربكە كۆچكەن توخرىلار ئىلى دەرياسى بويلىرىغا كەلگەندە، بۇ جايلاردىكى ساك پادىشاھى جەنۇبقا سۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاھالە ئۇدۇن، تۇمشۇق ۋە قەشقەر ئەتراپىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، قەشقەرنىڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنى تەشكىل قىلدى»، دەپ قارايدۇ. لېكىن، قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك

تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ بىر تۈركۈم ساكلار قەشقەر تەۋەسىگە كېلىشتىن ئاۋۋاللا، بۇ جايلاردا «دېھقانچىلىقنى ئاساس، توقۇمىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر» بار ئىدى⑤ . شۈبھىسىزكى، ئۇلار قەشقەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خوجايىنلىرى بولۇپ، تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە پامىرنىڭ غەربىدىكى ئاھالىلەر بىلەن زور ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىدى. قەشقەردىن ئانچە يىراق بولمىغان تاشقورغاندىكى شامبابا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان باش سۆڭەكلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى، بۇ باش سۆڭەكلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى شەرقىي، جەنۇبىي پامىر ساكلىرىنىڭ باش سۆڭەكلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئىدى ⑥ . ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرپانە (تاشقورغان) بەگلىكىدىكىلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى سۇلىلىقلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى ⑦ . بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يىل دەۋرى جەھەتتىن بۇنىڭدىن 2900 ـ 2500 يىللار ئىلگىرىكى چاغلارغا توغرا كېلىدىغان شامبابا ئادەملىرى ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ساكلار جەنۇبقا كۆچۈپ ئۇدۇن، تۇمشۇق ۋە قەشقەر ئەتراپىغا كەلگەن يىللاردىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 177 ـ 176 ـ يىللار) خېلىلا بالدۇر ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئىلى ساكلىرى پامىر ئېتەكلىرىگە قاراپ كۆچۈشتىن بۇرۇنلا، پامىر ساكلىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئالماقچان يېتىپ بېرىپ، بۇ ۋادىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئاھالە بىلەن قوشۇلۇپ، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئاھالىلەر نۇقتىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانىدى.

پامىرنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئاھالىلەر تۈركۈملىرىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى جەھەتتىكى ئورتاقلىقى ئەمەلىيەتتە بىر قەدەر بالدۇرقى تارىخىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، قەدىمكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ساك قوۋملىرىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى رېئاللىق بولغىنىدەك، قان جەھەتتىن ساكلارغا يېقىن تۇرىدىغان باشقا قوۋملارنىڭمۇ دىيارىمىز تۇپرىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەقىقەت ئىدى. بۇ خىل رېئاللىق ئەلۋەتتە، پامىرنىڭ شەرقى بىلەن غەربى ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چېگرا پاسىلى شەكىللەنمىگەن ئەينى چاغ شارائىتىدا، ئىككى تەرەپ ئاھالىلىرىنىڭ مۇقىم بىر جاي بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئەمما، بۇ نۇقتا پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك ئىزدىنىش ساھەسىدىلا ئەكس ئېتىۋاتقان بولغاچقا، نوقۇل يازما مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈش بىر قەدەر قىيىن ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئەكس ئېتىلگىنى دەل مۇشۇ خىلدىكى چۈشەنچە بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە ئىلى ساكلىرى پامىرغا كۆچكەندە، بىر قىسمىنىڭ قەشقەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، قەشقەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئاھالىسى بىلەن غەربىي پامىر ئاھالىلىرىنىڭ زور ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇ دېگەنلىك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىدىن بولغان ئىران تىللىق سوغدىلارنىڭ پائالىيىتى يالغۇز ئامۇ ۋە سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى زەرەپشان ۋادىسى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى ساك قوۋملىرى بىر قانچە تارماققا بۆلۈنۈپ ياشىغان زامانلاردىلا، ئۇلارنىڭ بىربۆلىكى پامىرنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا ياشاۋاتقانىدى، دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق بولغاندا سوغدىلارنىڭ تارىم بويىدىكى بوستانلىقلاردىكى پائالىيەتلىرىگە قارىتا ۋاقىت چېكىنى بەكلا ئارقىغا سۈرۈشنىڭ ئۇنچىۋالا زۆرۈرىيىتى قالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ خېلى



www.uyghurkitap.com



بۇرۇنلا پامىرنىڭ شەرقىدە ئىككىنچى بىر زەرەپشان ۋادىسىنى بەرپا قىلىپ بولغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولاتتى. ناۋادا، مۇشۇ ھۆكۈم توغرا بولىدىغانلا بولسا، قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «سۇلى»نىڭ سوغدىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش بىلەن بىرگە، پامىرنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسىدا زور پەرقنىڭ يوقلۇقىنى جەزم قىلىش قىيىنغا توختىمايتتى.

«سۇلى» نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى « 疏勒 »، ياكى « 沙勒 » دېگەن يېزىلىشىغا كەلسەك، پ. س. باغچى چاندىرا ئۆز تەتقىقاتىدا بۇنىڭ «surik» ياكى «sulik» دېگەندەك يەرلىك ناملار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ⑧ . روشەنكى، بۇ «سۇلى» نامىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن ۋاقتىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولۇپ، بۇ سۆز يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدىن «سۇلى» ( 疏勒 ) دەپ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ ئېتىراپ قىلىشقا ئەرزىيدىغان پاكىت بولۇپ، «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللىنىمىسى»غا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى « 疏 » خېتى «ʃia» ياكى «ʃio» دەپ، « 勒 » خېتى بولسا، «lək» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى ⑨ . بۇنىڭدىن « 疏勒 »نىڭ «ʃiolək» ياكى «ʃialək» ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى، بۇ يەرلىك ئاتالغۇلارنىڭ سۇلىنىڭ تىبەتچە ئاتىلىشى بولغان «shuleg» ياكى «shulig»قا خېلىلا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. بۇ ھەقتە پروفېسسور خ. ۋ. بەيلىمۇ «سۇلى» نىڭ خەنزۇچىدىكى ئەسلىي ئاھاڭىنى sio- lek ياكى lək -siwo ṣiele دەپ كۆرسىتىپ، قەشقەرنىڭ خەنزۇچىدىكى باشقا ناملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىران تىلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ ⑩. ئەلۋەتتە، بۇنداق قاراش بىر قەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، پاۋىل پېللىئوتمۇ بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانىنى «ئېھتىمال، سوغدى تىلىدىكى مەلۇم بىر نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» ⑪ دەپ ھېسابلىغانىدى. ئېلىمىز ئالىمى سىن جۇڭمىيەنمۇ سوغدى تىلىنىڭ d ۋە l دىن ئىبارەت ئىككى خىل دىئالېكتىغا ئاساسەن، سۇلىنى سوغدىلا قۇرغان ئەل ⑫ دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمما ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، نۆۋەتتە بۇ خىل پەرەزنى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ماتېرىيال جەھەتتىكى چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئورتاق تونۇشقا ئايلىنالماي كەلدى.

فونېتىكا جەھەتتىن ئالغاندا، سوغدى تىلى d تىلى ۋە l تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل دىئالېكتقا بۆلۈنەتتى. dتىلى سوغدىلارنىڭ شىمالى ۋە غەربىي رايونلىرىدا تارقالغان، l تىلى بولسا جەنۇبى ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە تارقالغانىدى.d تىلى بويىچە، سوغدىلارنىڭ نامى «سوغد» ياكى «سوغداق» دېيىلسە، l دىئالېكتىدا بۇ سۆز «سۇلى»، «سۇلىك» دېيىلگەنىدى. قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلارنىڭ تىلى l دىئالېكتىغا مەنسۇپ ئىدى ⑬ . سوغدى تىلىنىڭ بۇ خىلدىكى ئالاھىدە شۇۋە پەرقى قەدىمكى خوتەن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، ھەممىسىدىلا سودا، تىجارەتنى ئاساس قىلغانىدى. مەسىلەن، پروفېسسور خ. ۋ. بەيلى، سۆرېن ھېدىن قاتارلىقلار توپلىغان ماتېرىياللار ئىچىدىن بۇنىڭغا ئائىت 14 مىسالنى ئايرىپ چىققان بولۇپ، sulyana, sulina, sulo, sulyau, suli, sulya قاتارلىق شەكىللەرنىڭ ھەممىسىنى سوغدىلارغا قارىتىلغان دەپ كۆرسەتكەنىدى⑭ . ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «سۇلى»نىڭ تەلەپپۇزىغا تولىمۇ يېقىن ئىدى.

لېكىن، بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، قەدىمكى سۇلى ئېلىنىڭ ئاھالىسىنىڭ قايسى تىل سىستېمىسىغا ياكى قايسى تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بولغاچقا، بۇ نۇقتىدا تۇمشۇق ساك تىلىغا نەزەر ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

تۇمشۇق ساك تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ تىلغا ئائىت ۋەسىقىلەر قەشقەردىن ئانچە يىراق بولمىغان مارالبېشىدىكى تۇمشۇقتىن تېپىلغان بولۇپ، خوتەن ساك تىلىغا ئوخشاش، ساك تىلىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. 1913 ـ يىلى ئا. ۋون. لىكوك تەرىپىدىن تۇمشۇق خارابىسىدىن تېپىلغان 1 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدە بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر قەدەر روشەن گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇدانا» (sudana) دېگەن سۆزمۇ ئۇچرايدۇ ھەم يەرلىك ئايماق ئەمەلدارى بىلەن سۇدانادىن كەلگەن پۇقرا سېنجۇ (sencu) نىڭ مەجبۇرىيىتى تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇنىڭدىكى «سۇدانا» دېگەن سۆز « sudaئېلىدىن كەلگەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغاچقا، «سۇلى» دېگەن

سۆزگە يېقىن كېلىدۇ. sudana سۆزى يەنە «سۇلى»نىڭ رىم ۋە كارۋشتچە ئاتىلىشى بولغان « solana » ياكى « suliga » دېگەن شەكىللەرگىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل تىل پاكىتلىرى يەنە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىران تىلىدا ھەقىقەتەن l ياكى d دىئالېكتىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا «suda»نى «سۇلا» دەپ ئوقۇشقىمۇ بولاتتى. «na» بولسا «suda»نىڭ سۈپەت شەكلىگە قارىتىلغانىدى. شۇنىڭدەك، سۆز ياسىغۇچى ئۇلانمىلىق خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى ⑮ .

«سۇلى» نامىنىڭ «seres» ياكى هون، تۈرك تىللىرىدىكى «sarig» ھەم «suwlaq» دېگەن شەكىللىرىگە كەلسەك، بۇ يەردە پەقەت هون تەگرىقۇتى مودۇنىنىڭ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 176 ـ يىللىرى ئەتراپىدا خەن سۇلالىسىگە يازغان مەكتۇپىدا تىلغا ئېلىنغان «توخرىلار تارمار قىلىنىپ قىرىپ تاشلاندى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. كروران، ئۇسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنچىتىلدى» ⑯ دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆرۈش تەس ئەمەسكى، بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئۇرامىدىن هونلار توخرىلارنى ئەمدىلا مەغلۇپ قىلغاندا، غەربىي يۇرتتىكى شەھەر قەلئە بەگلىكلىرى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانىدى. بولۇپمۇ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «كروران قاتارلىق 26 ئەل» دېيىلگىنى ئەسلىي 36 بەگلىككە قارىتىلغانىدى. يەنى، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «سۇلى» ئېلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن، سۇلى قاتارلىق ئەللەرنى هونلار قۇرغان دېگەندىن كۆرە، هونلار توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئۇلار دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كروران قاتارلىق ئەللەرگە ئەگىشىپ بەيئەت قىلغان، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنداق تونۇش خېلىلا ئىلمىي بولۇپ، مودۇن تەگرىقۇتنىڭ يۇقىرىقى مەكتۇپىدىن ھەرگىزمۇ هونلارنىڭ سۇلى ئېلىنى قۇرغانلىق مەنىسى چىقمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، شۇنداق دەپ قاراش غەربىي يۇرتتىكى يەر ناملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس تەتبىقلايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت جۈملىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، «سۇلى» نامىنى يۇنان مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «seres» ئاتالغۇسىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە كەلسەك، بۇمۇ ئوخشاشلا ھېسسىياتقا بېرىلىش ھەم زورۇۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. يەنە بىر مۇنچە ئالىملار «seres» سۆزىنى «چىن» ياكى «چىنا» ئاتالغۇلىرىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىندا ئەل مەزھەرى «seres» ئاتالغۇسىنى خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن « 西域 » (غەربىي يۇرت) نامىغا باغلاپ چۈشەندۈردى ⑰ . ئەمەلىيەتتە، «ھازىرقى ‹ 西域 › (غەربىي يۇرت) نامى قەدىمكى ‹seres› ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىدى» دېگەن مەنىدىكى بۇ قاراشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر پولوكوپ (مىلادىيە 566 ـ 500 ـ يىللار) يازغان «گوتلارنىڭ ئۇرۇشى» ناملىق ئەسەردە كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق قەيت قىلىنغانىدى:

«... دەل شۇ چاغدا ھىندىلار (تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ)نىڭ ئارىسىدىن كەلگەن بىر بۆلۈم راھىبلار پادىشاھ جۇستىنىئاننىڭ ۋىزانتىيىلىكلەر ئەمدى پارسلارنىڭ قولىدىن يىپەك سېتىۋالمىسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىدۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇۋاپىق پەيت تېپىپ، جۇستىنىئانغا ۋىزانتىيىلىكلەر پۈتۈنلەي پارسلاردىن ياكى يىپەك ئىشلەپ چىقىرىدىغان باشقا ئەللەردىن يىپەك سېتىۋالمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار: بىز نۇرغۇن ھىندىلار (بۇددىسلار) تۇرىدىغان بىر شەھەردە تۇرىمىز. ئۇ جاي سېرىندىيە (غەربىي يۇرت) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر





پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىز ۋىزانتىيىلىكلەرگە بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ بېرىمىز، دېدى. پادىشاھ جۇستىنىئان ئۇلاردىن ۋىزانتىيىدە يىپەك ئىشلەپ چىقىرىش ئىمكانىيەتلىرى بار ـ يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا قانداق كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى سورىدى. راھىبلار جاۋاب بېرىپ: يىپەكنىڭ ئىشلەپ چىقارغۇچىلىرى تەبىئەتنىڭ قوماندانلىقىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان پىلە قۇرتلىرىدۇر، تەبىئەت ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، دېدى» ⑱ .

يۇقىرىدىكى خاتىرىدىن كۆرۈۋش تەس ئەمەسكى، سېرىس ياكى سېرىندىيە بىرقەدەر كەڭ ئۇقۇم بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر شەھەر ياكى بىر ئەلگە قارىتىلمىغانىدى. «سۇلى» بىلەن «سېرىس»نىڭ ئاددىي ھالدىكى ئوخشاشلىقىنى پاكىت ئورنىغا دەسسىتىۋېلىش ئالدىراقسانلىقتىن، يەڭگىلتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، «سېرىس» قەدىمكى يۇنان ۋە رىم جۇغراپىيونلىرىنىڭ نەزەرىدىكى تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «سۇلى» بىلەن سوغدى، سۇلاق، سۇدانا سۆزلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، پروفېسسور خ. ۋ. بەيلىنىڭ « suliya, suli سۆزلىرى ‹سۇلىلىق› (قەشقەرلىك، مىرزا، سودىگەر) دېگەن مەنىگە ئىگە» ⑲ ، ـ دېگەن قارىشىغا ئاساسلانغاندا، «سۇلى»نى «سوغدى» سۆزى بىلەن ئوخشاش ياكى سوغدى قوۋملىرى قۇرغان ئەل دەپ ھېسابلاشنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىقلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇ سۆزنى «سۇلىلىق» (قەشقەرلىك) دەپ چۈشىنىش بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، باشقىلار شۇنداق ئاتىغان تەقدىردىمۇ، سۇلى ئېلىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇنداق ئاتىمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ۋېنگرىيە ئالىمى خارماتانىڭ «‹سوغدى› سۆزىنىڭ مەنىسى ‹مۇقەددەس جاي›دېگەنلىكتىن ئىبارەت» دېگەن چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندا، «سۇلى» سۆزى بۇ خىل ئېنىقلىمىغا توغرا كەلسىمۇ، «سوغدى» سۆزىنى يەنىلا «سودىگەر» دەپ چۈشەنگەن تۈزۈك. ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىدىكى سوۋۇلاغ بىلەن كونىشەھەرگە قاراشلىق لەنگەردىكى سوۋۇلاغ نامىلىرى بولسا سوغدى تىلىدىكى | دىئالېكتىنىڭ يەر نامىلىرى ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغانلىقىنىڭ مۇھىم بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، بۇ نامىلارنىڭ ئەسلىدىكى ئېنىقلىمىسىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. «سۇلى»نى تۈرك تىلىدىن كەلگەن سۆز، دەپ قاراشنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا زورۇقۇشنىڭ، ھېسسىياتقا بېرىلىشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىنى ياخشى ئۆگەنمىگەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى، سۇلىنىڭ كېيىنكى نامى بولغان «قەشقەر» دېگەن نامىمۇ باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قالغان سۆز ئىدى.

مەلۇمكى، قەشقەر دىيارى «سۇلى» دەپ ئاتالغاندىن تارتىپ تاكى «قەشقەر» نامى ئۆزلەشكىچە بولغان ئارىلىقتا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، تارىختا يەنە kesh, khasa, kash, kheysva, kashghar, Gah ـ jah دېگەندەك بىر قانچە خىل ئاتىلىشلار بىلەنمۇ كۆرۈلگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئاتىلىشلار، يېشىم ۋە ئىپادە قىلغان ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلەنگەچكە، بەزىبىر مۇرەككەپلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خېلى كۆپ سانلىق ئالىملار «سۇلى» نامىنىڭ داۋامى بولغان «قەشقەر» نامى توغرىسىدىمۇ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. گەرچە پىكىر ـ ئىختىلاپلار ھەر خىل

2007.5

بولسىمۇ، بەزى قاراشلار قوللانما خاراكتېرلىك مۇھىم ئەسەرلەردىن ئورۇن ئالدى. بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى مۇنداق بىر قانچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا ھەر خىل رەڭ دېگەننى «قەش» دەپ، خىش ۋە كاھىشتىن ياسالغان ئۆيىنى «غەر» دەپ ئاتايدۇ. سەۋەبى، قەشقەردە خىش ۋە كاھىشتىن ياسالغان ئۆيلەر كۆپ ئىدى ⑳ .

ئىككىنچى، «قەش» تۈنجى دېگەننى، «غەر» بارلىققا كەلمەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ ㉑ .

ئۈچىنچى، «قەشقەر»—ئادەملىرى جاھىل، كۆندۈرمەك قىيىن دېگەننى بىلدۈرىدۇ ㉒ .

تۆتىنچى، ئىران تىلىدا «kash» دېگەن سۆز قاشتېشى دېگەن مەنىنى، بالۇك تىلىدا «ghar» دېگەن سۆز «شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ۋاخان ۋە ئافغان تىللىرىدا بولسا «تاغ» دېگەننى «ghar» دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا «قەشقەر» دېگەن سۆز «قاشتېشى شەھىرى» ياكى «قاشتېشى تېغى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ ㉓ .

بەشىنچى، «قەشقەر»—بۆرە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۆرىنى qasqir دەپ ئاتايتتى. بۇ سۆزنىڭ تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار㉔ .

ئالتىنچى، «قەشقەر»—كاش ئېلى (جۇشا دۆلىتى) دېگەننى بىلدۈرىدۇ㉕ .

يەتتىنچى، «قەشقەر»—ئېفتالىتلارنىڭ تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، كېيىنچەكلەر قوللانغان تىل ئېفتالىتلارنىڭ تىلى بولۇشى مۇمكىن㉖ .

سەككىزىنچى، «قەشقەر»—«قاشقىر»دىن ئۆزگەرگەن. بۇ يەردىكى «قاش» قاشتېشىنى ئەمەس، بەلكى دەريانىڭ قېشى، «دەريانىڭ ياقىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «قىر» سۆزى بولسا «تېرىلغۇ يەر» دېگەن مەنىدە㉗ .

يۇقىرىدىكى سەككىز خىل قاراش «قەشقەر» نامى ھەققىدىكى ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ تولۇق ستاتىستىكىلىق سانىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بۇ ھەقتىكى قاراشلار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇپ، مەن پەقەت ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارىغانلىرىمنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلەندىم.

يۇقىرىدىكى قاراشلار ئىپادە قىلغان ئارقا كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، بۇ قاراشلارنى كۈچكە ئىگە دەپ قارىغۇچىلار، ئومۇمەن «قەشقەر» نامىغا يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنى ئىزدەپ تېپىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، «قەشقەر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەرگە سەل قارىغانىدى. ئەگەر، مۇشۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، «قەشقەر» نامىنىڭ يەنىلا قەدىمكى سۇلې ئېلىدىكىلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر نامىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، «قەشقەر» نامىنىڭ «سۇلې» ئاتالغۇسى تاشلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرىلا مەيدانغا كېلىپ بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «قەشقەر» نامىنىڭ تارىختىكى بىر قانچە خىل يېزىلىشىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپمۇ بۇ ھەقتە مەلۇم پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن.

«قەشقەر» نامىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى، ساك، سانسكرىت، تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن باشقا، خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. مەسىلەن، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەپسىرى»دە يۈي خۇەن يازغان «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ساكرائۇل، يۆلئېرىق، سىغناق، قىرپانە، كېش (竭石) قاتارلىق 12 بەگلىكنىڭ سۇلې ئېلىگە تەۋە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كېش (竭石) بەگلىكى سۇلې ئېلىنىڭ قارمىقىدىكى جاي ئىدى. بۇ ھەقتە چاۋاننىس «كېش تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇشا ۋە كاش دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى قەشقەردۇر. ھازىرمۇ بۇ سۆزدە kach دېگەن ئاھاڭ ساقلىنىپ قالغان»㉘ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراش ئەقىلگە خېلى مۇۋاپىق بولۇپ، «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى قىسقارتىلغان شەكلىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى دەسلەپ كۆرۈلگەن يىللاردىن (مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى) خېلىلا بۇرۇنقى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى (مىلادىيە 280 ـ 220 ـ يىللار)دە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

لېكىن، «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللىنىشى»غا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى «竭石» دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «giat» ۋە «ziăk» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇنىڭ سوغدىيان رايونىغا تەۋە قاشقا دەريا جىلغىسىدىكى كېش (羯石 ياكى 乞史) نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. يەنى بۇ يەردىكى «羯» خېتى «kiat» دەپ، «史» خېتى «ʃia» دەپ، «乞» خېتى «kĭăt» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغاچقا㉙ ، «kĭă ʃia» ياكى «kĭōʃĭə» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەكىل ھاسىل بولاتتى. روشەنكى، بۇ كېشىنىڭ ئەينى چاغدىكى تەلەپپۇزى بولغاچقا، بىزنىڭ سۇلىغا قاراشلىق « 竭石 » شەھىرىنىڭ يەرلىك نامىنى ئېنىقلىشىمىزغا مەلۇم ئىمكانىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئېنىق ئېيتقاندا، بۇ نۇقتا قاشقا دەرياسى جىلغىسىدىكى « 羯石 » ياكى « 乞史 » نامىنىڭ ھازىر «kesh» شەكلىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى بىلەن سۇلىغا قاراشلىق « 竭石 » نىڭ «قەشقەر» نامىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا «kash» شەكلىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم لوگىكىلىق باغلىنىش بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق چۈشىنىش ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر يېقىن بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە «kesh»تىن «kash»قىچە بەزىبىر ئۆزگىرىش جەريانلىرى كۆرۈلگەنىدى. بۇنداق ئۆزگىرىش جەريانى سۇلى ئېلى بىلەن ئۇدۇن ئېلىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بىر ئارقا كۆرۈنۈشنى ۋاستە قىلغانىدى. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش «kesh» ياكى «kash» سۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ سۇلى ئېلى تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى مەلۇم بىر شەھەرنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيتتى. بۇ ھەقتە «ئۇدۇن لىئۇل تارىخى»دا مۇنداق قەيت قىلىنغانىدى:

«ۋىجايا دھارمانىڭ ئىنىسىدىن كېيىن، ۋىجايا دھارمانىڭ جيەنى ۋىجايا سىمغا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە، گاھجاك (ga – hjag) پادىشاھلىقى لىئۇلنىڭ زېمىنىگە تاجاۋۇز قىلغانىدى. بىراق ۋىجايا سىمغا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، گاھجاك پادىشاھىنى بۇددىغا ئېتىقاد قىلىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەردى. ۋىجايا سىمغا گاھجاك پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى ئالىۋ گاھجاكنى ئەمرىگە ئالدى. مەلىكە ئالىۋ گاھجاكنىڭ سۇلىدىن كەلگەن تەقۋادار دوستى ئاريا ئارخات بودۇن سەگىس پادىشاھ ۋىجايا سىمغاغا ۋاكالىتەن خانىش ئالىۋ گاھجاك ئۈچۈن كىخوسونا (khye – so – na) نامىدىكى بىر ئىبادەتخانىنى سېلىپ بەردى. ھازىر بۇ ئىبادەتخانىنى دېۋاكاپىلا قوغداپ تۇرماقتا» ㉚ .

يۇقىرىدىكى خاتىرە بىر قەدەر چۈشىنىكسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭدا «قەشقەر» نامىنى ئېنىقلاشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر قانچە نۇقتا ئەكس ئەتكەنىدى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدا سۇلى ئېلىنىڭ ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بىر تارىخىي قىستۇرما تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، كۆرۈنۈشتە باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان ۋەقەلەردەك قىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ياركەنت ساكرائۇل بەگلىكىنىڭ ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگەنلىكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانىدى. چۈنكى، ياركەنت ساكرائۇل بەگلىكى مىلادىيە 30 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي چېتىدە ھاكىممۇتلەقلىق يۈرگۈزگەندە سۇلىنىمۇ قوشۇۋالغانىدى. بولۇپمۇ ياركەنت ساكرائۇل بېگى شيەن (xien) ئۇدۇنغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىرگەنىدى. ئىككىنچىدىن، شيەنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئالدى بىلەن ئۇدۇننىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغانىدى. بولۇپمۇ، ئۇدۇنلۇق ئاقسۆڭەك شيۇموبا ۋە ئۇنىڭ جيەنى گۇاڭدىنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشى بىلەن ساكرائۇل بېگى شيەن كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئۆز قىزىنى گۇاڭدىغا بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇدۇنلۇق ئاقسۆڭەك شيۇموبا ئۇدۇن ۋىجايا خان جەمەتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان تەختىنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولۇپ، ئۇ ۋىجاياد ھارما دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ جيەنى گۇاڭدىمۇ ۋىجايا سىمغا دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.



ياركەنت ساكرائۇل بەگلىكى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن سۇلى قاتارلىق ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇنغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىرىشى ھەقىقەتەن رېئال تارىخ بولۇپ، كېيىن ساكرائۇل بەگلىكى مۇنقەرز بولغاندا، ئۇنىڭ ئورنىنى سۇلى ئىگىلىگەنىدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا سۇلىغا بۇددا دىنى

ئەمدىلا تارقىلىپ كىرىۋاتقان بولغاچقا، ساكرائۇل بېگى شىيەن ئۇدۇننىڭ يېڭى بېگى گۇاڭدىغا ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلغاندا، ئۇدۇنلۇق راھىبلارنىڭ سۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا يول قويغان بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۇدۇن بېگى گۇاڭدىنىڭ بۇ جايلاردا كىخۇسونا نامىدىكى ئىبادەتخانىنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كەڭرى تارقىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. بۇ قىياس بەزى ئالىملار تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، پ. چاندىرا باغچى بىلەن خ. چاندىرا باسۇ مالىك بۇ ھەقتە: «قەشقەر... كېيىن خوتەن ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىتتىپاقچىسىغا ئايلانغان» ㉛ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراش بىر قەدەر ئورۇنلۇق بولۇپ، مېنىڭچە، بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ـ ئىبادەتخانىنىڭ نامى بولغان «khye – so – na» سۆزىنىڭ «kesh» ياكى «kash» ناملىرىغا يېقىن كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

«khye – so – na» سۆزىگە يېقىن كېلىدىغان ئاتالغۇغا كەلسەك، پاۋل پېللىئوت تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن ئۇدۇن يېزىقىدىكى 9. 5538a نومۇرلۇق ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سۇرانىڭ شاجۇدىكى ساۋيۈەنجۇڭغا يازغان مەكتۇپنامىسىدە «khyeseva kara» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. مەكتۇپتا ۋىجايا سۇرانىڭ (977 ـ 967) 7 ـ ئايدا قوشۇن باشلاپ «khyesevakara»نى ئىشغال قىلغانلىقىغا ئائىت ئالاقىدار ئەھۋاللار سۆزلەنگەنىدى. پروفېسسور پۇللىي بىلانىك بىلەن پروفېسسور خ. ۋ. بەيلى «khyesevakara»نى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «kashgari»نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىشىنىشكە بولىدىغان پاكىت بولۇپ، خۇاڭ شېڭجياڭ قاتارلىقلار ئېيتقاندەك، «kashgari» بىلەن «khyesa»نى ئوخشاش بولمىغان ئىككى شەكىل، «khyesa» بولسا چوقۇم (kash)نىڭ ئاھاڭى دەپ قاراش kara بىلەن khyesaنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى ㉜ . چۈنكى، ئۇدۇن قوشۇنلىرى قەشقەردىكى بۇددىسلار بىلەن ماسلىشىپ، مىلادىيە 969 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ قولىدىن قەشقەرنى بىر مەھەل تارتىۋالغاندا «قەشقەر» دېگەن نام ئاللىقاچان كۆرۈلۈپ بولغانىدى. شۇڭا «kara» سۆزىنى خۇددى پۇللىي بىلانىك كۆرسەتكەندەك، «kashgari» سۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۇلانمىسىدىكى «gari»غا توغرا كېلىدۇ ㉝ دېيىش راستىنلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. بۇ يەردىكى ئوقۇشماسلىق، ئەسلىدىكى مەنبەلەرنى ئوقۇپ يېشىم قىلالايدىغانلار بىلەن شۇ يېشىملەردىن ۋاستىلىك پايدىلىنىۋاتقانلار ئوتتۇرىسىدىكى تىل ئوقۇمى جەھەتتىكى پەرق ئىدى. بولۇپمۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسلار ئۇزاق يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئوقۇپ چىققان تىل يەشمىلىرىنى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆزگەرتىپ قويماقچى بولۇشىنى، مەسىلىنى ھەل قىلغانلىق دېگىلى بولمايتتى.

«khyesevakara»نى «قەشقەر» نامى دەپ ھېسابلاش، ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغا گاھجاك مەلىكىسى ئۈچۈن سۇلدا سالدۇرۇپ بەرگەن «khye – so – na» نامىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بۇ كۆپچىلىك ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان پاكىت بولۇپ، ف. ۋ. توماس، روكھىل، تېلىڭ تيەنفېڭبا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇن بىلەن سۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق بىر نىكاھنىڭ بولغانلىقىنى قەيت قىلغانىدى، خۇسۇسەن، تېلىڭ تيەنفېڭبا مۇنداق كۆرسەتكەنىدى:

‹كېيىنكى خەننامە›دىكى خاتىرىلەر بىلەن ‹ئۇدۇن لىئۇل تارىخى›دا ئېيتىلغان ۋەقەلەر بىر ـ بىرىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇاڭدىنىڭ خانىمى ساكرائۇل پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى. بىراق ساكرائۇل پادىشاھى بولسا گۇاڭدى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. ئومۇمەن، بۇ ۋەقەمۇ ‹ئۇدۇن لىئۇل تارىخى›دىكى ۋىجايا سىمغا بىلەن گاھجاك پادىشاھىغا ئالاقىدار ۋەقەلەر جۈملىسىدىن ئىكەن. بولۇپمۇ گۇاڭدىنىڭ ساكرا ئۇلنى مۇنقەرز قىلىشى بىلەن ۋىجايا سىمغانىڭ گاھجاكنى مۇنقەرز قىلىشى بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان ۋەقە ئەمەس» ㉞ .

يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، تەخمىنەن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن سۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گاھجاك، يەنى ساكرائۇل بەگلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەللىك ھاكىممۇتلەقلىق ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى كېلىپ چىققانىدى. ئەمما بۇ خىلدىكى جىددىي مۇناسىۋەت ناھايىتى تېزلا دىنىي تۈس ئالغان نىكاھ يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلغاچقا، سۇلدا باشقىچە بىر كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇ خىلدىكى كەيپىيات باشقا نەرسە بولماستىن، دەل ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغا گاھجاك مەلىكىسى ئۈچۈن سېلىپ بەرگەن ئىبا-

www.uyghurkitap.com





دەتخانا قىزىق نۇقتىسى ئىدى. نەتىجىدە، ئىلگىرىكى سۇلى ئېلىنىڭ زېمىنىدا يېڭى بىر ئىمارەتنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ھەدەپ ئەتراپتىكى ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى، يېڭى بىر يەر نامىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. ئېنىقكى، بۇ سۇلى ئېلىنىڭ ئاستانىسى بولغان ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ ئاۋات جايلارنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىق سەۋەبلىك، تەدرىجىي ھەممە ئېتىراپ قىلغان شەھەر رايونىغا ئايلانغانىدى. شۇ سەۋەبلىك، كېيىنچە بۇ جاي سۇلى بەگلىكىنىڭ زېمىنىدىكى ئۆزگىچە بىر شەھەرىستان بولۇپ تونۇلغاچقا، يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى. مەسىلەن، «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا كۆرۈلگەن كىش ( 竭石 )نى ئېلىپ ئېيتساق، ئەلۋەتتە مۇشۇ ئىبادەتخانا ئاساسىدا كېڭەيگەن شەھەرىستانغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتخانىنىڭ نامى «khye- so- na» سۆزىنىڭ يۇقىرىدا بىز نەقىل ئالغان پروفېسسور خ. ۋ. بەيلى يەشمى قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان مىلادىيە 977 ـ ، 967 ـ يىللارغا ئائىت ئۇدۇن يېزىقىدىكى بىر مەكتۇپتا خاتىرىلەنگەن khyesevakaraغا يېقىن كېلىشى، بۇ پەرىزىمىزنىڭ توغرىلىقىنى مەلۇم جەھەتتىن دەلىللەپ بېرىدۇ، ئۇنداق بولسا قەشقەرنىڭ ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى «khyeso – na» ياكى «khyeseva» شەكلىدىكى ئاتىلىشلىرىنىڭ قانداق مەنىسى بار؟ بۇ ناملار قانداق قىلىپ «كاشغەر»گە ئۆزگىرىپ قالغان؟!

بۇ يەردە تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتئىينىڭ «گاھجاك» ياكى «khyeso» سۆزلىرىنىڭ قاشتېشىدىكى «قاش» بىلەن مۇناسىۋىتى بار㉟ ، دېگەن سۆزىگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل شەكىل قەشقەرنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن چۇشا ( 佉沙 ) دېگەن يېزىلىشىغىمۇ يېقىن كېلىدۇ. خ. ۋ. بەيلى «khyesva ھېچبولمىغاندا قەشقەر سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن»㊱ دەپ قارايدۇ. روشەنكى، بۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن شۇەنزاڭ ئېيتقان «siri kirtati» دېگەن نامدىن باشقا «kash» سۆزىگە ئالاقىدار ناملارنىڭ ئەسلىي ئاھاڭىنى ئىزدەپ تېپىشتىكى مۇھىم يىپ ئۇچىدۇر. خ. ۋ. بەيلى يەنە «kash» سۆزىنىڭ بىر قانچە خىل مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئېھتىماللىقىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قۇيلاننىڭ «بارچە نوملار ئىزاھى» ناملىق ئەسىرىدە بېرىلگەن ئۇچۇرغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: « kashgiriدېگەن بۇ نام 817 ـ يىلى قەشقەرگە يەرلىك بولغان خۇيلىن (قۇيلان) تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابتا قەيت قىلىنغان. ئۇ، بۇ سۆزنى غۇز تىلىدىكى سۆز دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى مۇھىم دەپ قارىدىكى، بۇ سۆز ئىران تىلىدىكى « kaša» نى ئاساس قىلغانىدى ㊲ .

پروفېسسور خ. ۋ. بەيلىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مەيلى «khyesona» ياكى «khyesa» سۆزى بولسۇن ھەر ئىككىلىسى «kaša»نى مەنبە قىلغان بولۇپ، «kh» ھەرپىنى بىرلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلغاندا، «kaša» شەكلى ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىكى «š» تاۋۇشى «s» نىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى بولۇپ، «kasa» شەكلىدە كەلگەندە، «كۆرۈنمەك» مەنىسىدىن باشقا يەنە «رەڭ، يېشىل، كۆك، قوڭۇر» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەپ كېلىدۇ. ئەگەردە بىز بۇنىڭغا قاش قوۋۇق ( 玉门 )نىڭ ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى يېزىلىشى بولغان «گاكامانا» سۆزىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، «khyeso» بىلەن «khyesa» سۆزلىرىنىڭمۇ ئۇدۇن ساك تىلىدا قاشتېشى مەنىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. چۈنكى، ئەينى مەزگىلدە ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغانىڭ ئۆز خانىشىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ياسىتىپ بەرگەن ئىبادەتخانىغا خوتەننىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولغان قاشتېشىنىڭ نامىنى بېرىشى تامامەن مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئىدى.

«kash» ياكى «kaša»نىڭ تارىخنامىلەردە «kashgiri» دېگەن تولۇق شەكىلدە كۆرۈلۈشى، قۇيلاننىڭ يازمىسىدىن خېلى بالدۇرقى ئىش ئىدى. بۇ ھەقتە مىلادىيە 727 ـ يىلى ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە قەشقەردىن ئۆتكەن كورىيىلىك راھىب خۇيچاۋ يازغان «ئەنەتكەكتىكى بەش دۆلەت تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «يەنە پامىردىن بىر ئاي يول يۈرۈپ، سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق. ياتلارنىڭ (چەت ئەللىكلەر) ئۆزلىرى بۇ جاينى كاشگىرى ئېلى ( 伽师祇离国 ) دەپ ئاتايدىكەن. ئىبادەتخانىلاردا راھىبلار بار ئىكەن. ھىنايانا مەزھىپى ئەۋج ئالغان ئىكەن، ئادەملىرى گۆش ۋە پىياز تېپىدىكى كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىدىكەن. يەرلىك ئادەملەر كىيىملىرىنى قات ـ قات كىيىپ يۈرۈشىدىكەن» ㊳ .

راھىب خۇيچاۋ تەمىنلىگەن بۇ ئۇچۇر ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىرىنچىدىن، بۇ خاتىرە بىزگە قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنىڭ مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان قوللىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، گەرچە بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشى كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، سۇلى نامىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت ئىكەنلىكى يورۇتۇلغان؛ ئۈچىنچىدىن، «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزلىرى» دېگەن بېشارەت ئارقىلىق، قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنىڭ زادى يەرلىكلەر بىلەن ئالاقىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقى توغرىسىدا گۇمانىي جاۋاب قالدۇرۇپ كەتكەن. مېنىڭچە، خۇيچاۋ غەربكە نوم ئېلىش ئۈچۈن ئەنەتكەككە بارغان راھىبلاردىن كۆرە قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنى ئەسلىي ئاھاڭغا ئەڭ يېقىن شەكىلدە خاتىرىلىگەن كىشى ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ نامنى قەشقەرنىڭ ئۆزىدىن خاتىرىلىۋالغاچقا، يەرلىكلەرنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئاتىلىشى دېيىش ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، خۇيچاۋدىن بىر ئەسىر كېيىن قەشقەردە ياشىغان ئۆلىما قۇيلاننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسلانساق، بەزى مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ئايدىڭلىشىپ قالىدۇ. قۇيلان ئۆز يازمىسىدا قەشقەر توغرىسىدىكى بەزى گۇمانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك، قەشقەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشىنى « 迦师结黎 » دەپ يازغانىدى. بۇنىڭغا قارىتا پاۋىل پېللىئوت «مېنىڭچە، قۇيلان قوللانغان شەكىلدە ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ باشتىكى خېتىنىڭ توغرىلىقىدا گۇمان يوق»㊴ ، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەنىدى. بۇ دېگەنلىك «قۇيلان تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا ئىشىنىش كېرەك»، دېگەنلىك بولۇپ، ئېھتىمال قۇيلان « 结黎 » دېگەن ئىككى خەت ئارقىلىقمۇ «كاشغەر» سۆزىدىكى «غەر»نىمۇ ئىپادىلەپ بېرىشنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئۇ «قەشقەر» نامى توغرىسىدا «بۇ، غوزلارنىڭ تىلىدىكى نام»، «تابغاچلار ئۇنى كۆكئارت بازىرى دەپ ئاتايدۇ» ㊵ ، دېگەن ئېنىقلىمىنى ناھايىتى جايىدا بەرگەنىدى. بۇ، «قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا غەرب ئالىملىرى خېلى بالدۇرلا ئەھمىيەت بەرگەنىدى، مېنىڭچە، قۇيلان تەمىنلىگەن بۇ ئۇچۇرنىڭ بىرىنچى جۈملىسىلا مۇھىم بولماستىن، ئىككىنچى جۈملىسىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇنىڭدىن بىز خ. ۋ. بەيلى قىياس قىلغاندەك قەشقەر نامىنىڭ ئىران تىلىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، قۇيلاننىڭ بۇ سۆزنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى سۈپىتىدە «قورغان ياكى بازار» مەنىسىدىكى سۆزنى قوشۇمچە قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۈبھىسىزكى، بۇ «كاشغەر» ياكى «khyesakara»دىكى «غەر» بىلەن «kara»غا قارىتىلغاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە «كاشغەر»نىڭ قانداق شەھەر ئىكەنلىكىنىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، «كاش» بىلەن «غەر»نىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنىسىنىڭ بارلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى.

«كاشغەر» سۆزىنى قۇيلان كۆرسەتكەندەك چۈشىنىش، بۇ سۆزنىڭ بىر پۈتۈن مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشتە ياردىمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى «kash giri»دىكى «giri» بىلەن «khyesa kara» دىكى «kara»نىڭ ئايرىم ـ ئايرىم «غەر» شەكلىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ساك يېزىقىدىكى «kara» شەكلى «غەر»نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. خۇيچاۋ بۇ شەكىلنى «giri» شەكلىدە ئالغان بولسىمۇ، قۇيلان يازغان شەكىلدە «غەر» شەكلى بىر قەدەر ئېنىق ئىپادىلەنگەنىدى. بۇ ھال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، قۇيلان قەشقەرنى «كاشغەر» شەكلىدە قەلەمگە ئالغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ «كاشغەر» دەپ يېزىلىشى بولسا قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى. ئەمدى ئۆلىما قۇيلان ياشىغان دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «يېڭى تاڭنامە»نىڭ غەربىي يۇرت ۋە سۇلى تەزكىرىلىرىدە كۆرۈلگەن چۇشا ( 佉沙 )، جياشى ( 伽师 ) ۋە ئاموجى ( 阿摩支 ) دېگەن نام ۋە ئىسىملارنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ يەردە پ. پېللىئوتنىڭ چۇشا توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدىن پايدىلىنىشقا توغرا

www.uyghurkitap.com



كېلىدۇ. پېللىئوت، ستەيىن قاتارلىقلار تىلغا ئالغان «جۇشانىڭ ئەسلىي ئاھاڭى ‹ khasa› بولۇپ، ھىمالايا تېغىدىكى بىر قوۋمنىڭ نامى، ئۇ ھىندى مەنبەلىرىدە ھەمىشە khasa, khaša شەكىللىرىدە كۆرۈلىدۇ»، دېگەن نەقلىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ نامنىڭ مىلادىيە 308 ـ يىلى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغانىدى⑪ . مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇشا ھەقىقەتەن كەڭ ۋە تار مەنىدە دەپ ئىككى خىل ئۇقۇمدا كۆرۈلگەن نامدەك قىلاتتى. كەڭ مەنىدە كەشمىر، ھىمالايا تېغىدىكى ئايرىم جاي ۋە قوۋملارنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، تار مەنىدە پەقەت سۇلى ۋە قاشقا دەريا ۋادىسىدىكى «kesh»نىلا كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا بۇ نامنىڭ «يېڭى تاڭنامە»دە تىلغا ئېلىنغان «kash» ‹ 伽师 › بىلەن بولغان پەرقى، بىرسى سۇلى نامىنىڭ ئۆزىدىكى نام بولغان بولسا، يەنە بىرسى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان يۇرتنىڭ ئىچىدىكى شەھەر ئىدى. تەلەپپۇز جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى «كاشغەر»نىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ ئاھاڭىغا توغرا كېلەتتى. ئەمما بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇھىملىق شۇكى، «suryagarbha» سۇترا-سىنىڭ تىبەت تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ ئىلاۋىسىدە «ئۇدۇنkhaša نىڭ زېمىنىدا ئىدى» دېگەن ئۇچۇر بېرىلگەنىدى⑫ . ئېنىقكى، بۇ تار مەنىدىكى جۇشاغا قارىتىلغان بولۇپ، قەشقەر بىلەن ئۇدۇننىڭ بىر مەھەللىك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۇرسە كېرەك.

«يېڭى تاڭنامە»دە كۆرۈلگەن ئاموجى ‹ 阿摩支 › ئەسلىي سۇلى بەگلىكىنىڭ خان جەمەتىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز باشقىلار ئېيتقاندەك، «ئابدالنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى»⑬ دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. ناۋادا، يەر ـ جايناملىرى بىلەن ئەمەل ۋە ئۇنۋان ناملىرىنى مۇشۇنداق كەلسە ـ كەلمەس تەدبىقلايدىغانلا بولساق، ئۇ ھالدا ئەڭ ئاددىي ئۇقۇملارنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرالمىغانىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنى مۈرەككەپ بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولىمىز. چۈنكى، ئاموجى دېگەن سۆز يالغۇز «يېڭى تاڭنامە»دە كۆرۈلۈشتىن تاشقىرى يەنە ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىمۇ كۆرۈلگەنىدى. مەسىلەن، «خوتەن تېكىستلىرى»نىڭ 7 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن KT2. 29. 38. 1نومۇرلۇق بىر پارچە پۈتۈكتە تۆۋەندىكىدەك بىر جۈملە سۆز ئۇچرايدۇ:

KT2. 29. 38. 1 āmaci sulina paphve thauna vā nate (ئاماتيا سوغدىلارنىڭ قولىدىن ئۆزىگە تەئەللۇق بىر باغلام يىپەكنى تاپشۇرۇۋالدى)⑭ .

دېمەك، ئاموجى ‹ 阿摩支 › دېگەن بۇ سۆز ئۇدۇن ساك تىلىدا يۇقىرى ئۇنۋان ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئابداللار (ئېفتالىتلار) بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

قەشقەر تىبەت يېزىقىدىكى مەنبەلەردە يەنە «گاھجاك» ‹gah – jak› شەكلىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ئۇدۇن لىئۇل تارىخى»دا «گاھجاك» سۆزى بىر قانچە جايدا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قەشقەردىكى كەنچەكلەرگە قارىتىلغانىدى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، كەنچەكلەر ئەسلى بالاساغۇن، بەيزا، تىراز (تالاس) شەھەرلىرىدىكى تۈرك ۋە سوغدىچە سۆزلىشىدىغان خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، «قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار» ⑮ ئىدى. پروفېسسور خ. ۋ. بەيلى مەھمۇد كاشغەرى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار ئاساسىدا كەنچەكچە دەپ قارالغان ئايرىم سۆزلەرگە دىققەت قىلغانىدى. ئۇ «ئەل كاشغەرى قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى كەنچەكلەرنىڭ تىلى (ئىران تىلى)دىن 13 سۆزنى نەقىل ئالغان. شۇ سۆزلەرنىڭ بىرى بولغان kānbā (كەندىر) سۆزىنى خوتەن ساك تىلىدىكىkumba ، سوغدى تىلىدىكى kynpياكى kembaدەپ بېكىتىشكە بولىدۇ»⑯ ، دەپ قارىغانىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاتالمىش كەنچەك تىلى ئەمەلىيەتتە



ئۇدۇن ساك تىلى ياكى سوغدى تىلىغا يېقىن تىل ئىدى. يەنە كېلىپ قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا بۇ خىل تىلدا سۆزلەشىدىغانلار خېلىلا كۆپ بولغاچقا، تىبەتلىكلەرنىڭ نەزەرىدە قەشقەرنىڭ ئايرىم جۇغراپىيىلىك نامى سۈپىتىدىمۇ مەلۇم بولغانىدى. ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغانىڭ سۇلىدا گاھجاك مەلىكىسى ئۇچۇن «khyeso» نامىدىكى ئىبادەتخانىنى سالدۇرغان ۋاقتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، بۇ نامنىڭ كۆرۈلگەن ۋاقتى بىر قەدەر بالدۇرقى دەۋرگە ئائىت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ نام ئۇيغۇر قوۋملىرىنىڭ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئۇستۇنلۇك ئورنىنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ئىستېمالدىن قالدى. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ھازىر قەشقەرگە ئانچە يىراق بولمىغان ئاتۇشتىن كۆرگىنىمىز كەندىچەكلەرنىڭ يېقىن بىر تۆرى بولغان «ئارغۇ»لۇقلارنىڭ نامىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان «ئاغۇ» نامىدىن ئىبارەت يەنە بىر خىل نامدۇر.

ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سۇرانىڭ شاجۇدىكى ساۋيۇەنجوڭغا يازغان مەكتۇپنامىسىدە ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ مىلادىيە 969 ـ يىلى «kyesavo – kara»نى ئىشغال قىلغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى. گەرچە بۇ مەكتۇپ بىزنى قەشقەرگە ئالاقىدار كۆپلىگەن تەپسىلاتلارغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىكى يەنە بىر ئۇقۇشماسلىق، قەشقەر بۇ چاغدا تېخى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى ئەمەس[47] دېگەندەك چۈشەنچىنىڭ كېلىپ چىقىشىدۇر. مېنىڭچە، بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى پۈتۈنلەي قەشقەرنىڭ قاچانلاردىن باشلاپ «ئوردۇكەند» دەپ ئاتالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىم مەھمۇد كاشغەرى بۇ توغرىسىدا ئەڭ ئىشەنچلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، «كاشغەر ‹ئوردۇكەند› دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ» [48] دەپ ئىنىقلىما بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقى قەشقەرنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن بۇ جاي خاقانىيە تىلىنىڭ ئاتاش ئادىتى بويىچە «ئوردۇكەند» دەپ ئاتالغانىدى. ئېنىقكى، بۇ سۆز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا دەل مۇشۇنداق مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئىپادىلەپ تارقالغاچقا، خۇددى باشقىلار كېيىن قوشۇپ قويغاندەك، قەشقەرنىڭ يەنە بىر نامى دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئۇنداق بولسا ئوردۇكەند دېگەن بۇ سۆزنى مەھمۇد كاشغەرىدىن ئىلگىرى يەنە قايسى مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە قەيت قىلغان؟! بۇنىڭ جاۋابىنى ۋ. مىنرۇسكىي بەرگەن بولۇپ، ئۇ «ھودودۇلئالەم»نىڭ كىرىش قىسمىدا «بىرونىي ئۆز ئەسىرى (ئالتىنچى كىلىمات)دە ئوردۇكەند ـ قەشقەردۇر، دەپ ناھايىتى ئوچۇق كۆرسەتكەن» [49] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، مەھمۇد كاشغەرىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ئەل بىرونىي (973 ـ 1058)مۇ «ئوردۇكەند»نى قەلەمگە ئالغان بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دەپ ئىزاھلىغانىدى. ۋەھالەنكى، مەھمۇد كاشغەرى قەشقەرنى يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەفراسىيافقا باغلاپ، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەنلا مەركەز قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر قاراشتا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. بۇنداق بولغاندا، ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ 969 ـ يىلى قەشقەرنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋالغانلىقىغا قاراپلا بۇ جاينى قاراخانىيلار تېخى پايتەخت قىلمىغان دېيىش، «ئوردۇكەند» سۆزىنىڭ مەنىسى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مېنىڭچە، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان مەھمۇد كاشغەرى ھەرقانداق ئادەمدىن كۆرە قاراخانىيلارنىڭ ئۆتمۈشىنى، جۈملىدىن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەشقەرنى ياخشى چۈشىنىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئالىم يەنە قەشقەر بىلەن قاراخانىيلارنىڭ يەنە بىر مەركىزى بالاساغۇنىمۇ سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسەتكەن بولۇپ، بىرىنى، «ئوردۇكەند» دەپ ئاتىغان بولسا، يەنە بىرىنى، «قۇزئوردۇ» (تەسكەي ئوردا) دەپ ئاتىغانىدى. قەشقەرنى قاراخانىيلارنىڭ ياندىش پايتەختى دېيىشمۇ [50] ئوخشاشلا قەشقەرنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نەزەرىدىكى ئورنىغا سەل قارىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق خاھىش ئۆز دەۋرىنىڭ شاھىتلىرىنىڭ دەلىللىرى بىلەن ھېسابلاشماي، ساراي تارىخچىلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى تەكرارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

«قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەردە كۆرۈلۈۋاتقان يەنە بىر ئەھۋال «كاشغەر» سۆزىنى ئىسلام دىنىغا باغلاپ چۈشىنىۋېلىشنىڭ سادىر بولۇشىدۇر. دەرۋەقە، يېقىندا بەزىلەر 1804 ـ يىلى كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئومۇمىي تەپسىرات»نىڭ مۇئەللىپى خې نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «‹قەش› تۈنجى دېگەننى، ‹غەر› بارلىققا كەلمەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دېگەن قاراشنى مەلۇم ئاساسى بار دەپ قارىدى. شۇنىڭدەك ئىككى خىل ئۇقۇم مەنىسىگە ئىگە دەپ قاراپ، بىرىنچىدىن، قەشقەر دەسلەپكى پايتەخت؛ ئىككىنچىدىن، قاراخانىيلار دەسلەپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان جاي دەپ چۈشەندۇردى [51] . مېنىڭچە، «قەشقەر» نامىنى بۇنداق چۈشەندۇرۇش «قەشقەر» نامى

www.uyghurkitap.com



توغرىسىدىكى بەزى قاراشلاردەك ئىلمىي ئاساسى بولمىغان پىكىردۇر. چۈنكى، «قەشقەر» نامى ئىسلام دىنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشتىن ئاۋۋاللا ئومۇملىشىشقا باشلىغانىدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بۇ نامنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلىشى، يۇرتىمىزدىكى كۆپلىگەن كونا يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قېلىش ئومۇمىي ئەھۋالىغا تامامەن ماس كېلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، قەشقەر نامىدا ئىسلام دىنىنىڭ تامغىسى بار دېيىلسە، ئۇ هالدا قەشقەر ئەتراپىدىكى بەزى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ناملىرىدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، قەشقەردە ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشىنى هەرگىز قەشقەر نامىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق پىكىرنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىمۇ بەكلا ئاددىي بولغاندىن سىرت، تىلشۇناسلىققا ئائىت دەلىللىرىمۇ يوقنىڭ هېسابىدا ئىدى. دېمەك، «قەشقەر» نامىنى مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئىزدەش چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بەزى تارىخ ـ جۇغراپىيەشۇناسلارنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشى يېتەرسىز بولغان پىكىرلىرىنى قايتا دەلىللەشتىن ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تېخىمۇ مۇھىمى، قەشقەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يۇقىرىدا مەن «قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. گەرچە ماتېرىيال جەھەتتە ئالدىنقىلارغا ئوخشاشلا بەزى چەكلىمىلىكلەرگە يولۇققان بولساممۇ، «قەشقەر» نامىنىڭ نۆۋەتتە بەزى كىشىلەر تەكىتلەۋاتقاندەك سۆز ۋە مەنىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم. بۇ توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. قەشقەر تاكى «كاشغەر» دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشقىچە ئىزچىل «سۇلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، «سۇلى» سۆزى سوغدىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزدۇر. ئەينى مەزگىلدە قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ تىلىمۇ ئۇدۇن ساك تىلى ۋە سوغدى تىللىرىغا يېقىن تىل ئىدى. شۇڭا قەدىمكى سۇلى تىلىنىمۇ ساك تىلىغا تەۋە دېيىش بىلەن بىرگە، سۇلى سۆزىنىمۇ سوغدى سۆزى ئىپادىلەپ كەلگەن مەنە بويىچە «سودىگەرلەر توپلاشقان جاي» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.



2. قەشقەر «سۇلى» نامىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي «كاشغەر» نامى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، تاكى قاراخانىيلار دەۋرىگىچە كۆپ خىل ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش جەريانلىرىنىڭ ھەممىسى ساك تىلىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى بويىچە تاماملىنىپ، ئاخىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنغانىدى.

3. «قەشقەر» نامى تەخمىنەن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سىمغا، گاھجاك (سۇلى) مەلىكىسى ئۈچۈن سۇلى ئېلىنىڭ زېمىنىدا سېلىپ بەرگەن ئىبادەتخانا نامىدىن كېلىپ چىققان سۆز، بۇ سۆز ئۇدۇن ساك تىلىدا «قاشتېشى» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، كېيىن بۇ سۆزگە «يۇرت، شەھەر، بازار» مەنىسىدىكى «غەر» سۆزى قوشۇلغان.

4. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئايرىم تارىخ، جۇغراپىيەشۇناسلارنىڭ «قەشقەر» نامى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىدە ئىنتايىن روشەن خاتالىقلار بار. ھەتتا بەزىلىرى قەشقەرگە ئاياغمۇ بېسىپ باقماي، خىيالەن تەبىر

2007.5



بەرگەن. مەسىلەن، تاۋباۋلىيەن قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان «جاھىل، كۆندۈرمەك» دېگەن گەپ ـ سۆزلەر، پەقەتلا دەپ قويۇشقا كېلىپ دېيىلىپ قالغان سۆزلەردىنلا ئىبارەت خالاس.

5. «قەشقەر» سۆزىنىڭ تولۇق شەكلى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلاپ، 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە «كاشغەر» شەكلىدە ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىن ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ تۇرغان «سۇلى» ۋە «چۇشا» دېگەن ناملار شۇ دەۋر مۇئەللىپلىرىنىڭ بۇرۇنقى نامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇش ئەمگىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك قەشقەر نامى يەنە ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇددا دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىپ كىرىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**ئىزاھلار:**

①شىراتۇرى كۇراكىچى: «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى زېمىنلارنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، جوۋلىيەنكۇن يازغان ‹‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى›دىكى تارىخ ـ جۇغراپىيىگە ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى»دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل. جۇڭخۇا نەشرىياتى 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 207 ـ بەت.

② ، ㉖ ، ㊸ لى شۇخۇي: «سۇلى ۋە چۇشاناملىرى توغرىسىدا يېڭى ئىسپات»، «جۇڭگو چېگرا رايونلىرىنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات» 2007 ـ يىللىق خەنزۇچە نەشرى 1 ـ سان.

③چيەن بوچۇەن: ‹‹سىرس› توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى»نىڭ 1 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 155 ـ بەت.

④چيەن بوچۇەن: «سىرس ـ سۇلىدۇر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1981 ـ يىللىق خەنزۇچە نەشرى 12 ـ سان.

⑤شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى «شىنجاڭنىڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئاقدالا قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىزلارنى تەكشۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى 1977 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑥خەن كاڭشىن: «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئۇستىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 8 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ بەت.

⑦جى شيەنلىن قاتارلىقلار ‹‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى›گە ئىزاھ» جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 983 ـ بەت.

⑧㉛ س. چاندىرا. باغچى، خ. چاندىرا باسۇمالىك: «ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» ‹INDIA AND CENTRAL ASIA› مىللىي مائارىپ كومىتېتى، بېنگال، كالكۇتتا 1955 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 44 ـ بەت.

⑨㉙ گوشلياڭ: «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 56 ـ ، 74 ـ ، 89 ـ بەتلەر.

⑩ ، ㊲ ، ㊻ خ. ۋ. بەيلى: «ھىندى ـ سكتيان تەتقىقاتى» ‹INDO– SCYTHIAN STUDIES› خوتەن تېكىستلىرىنىڭ 7 ـ تومى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 52 ـ ، 53 ـ ، 54 ـ بەتلەر.

⑪ ، ㊴ ، ㊵ ، ㊶ ، ㊷ پاۋىل پېللىئوت: «قەشقەر ھەققىدە مۇھاكىمە»، تيەن ۋېيجياڭ تەرجىمىسى، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 ـ يىللىق خەنزۇچە 1 ـ ، 2 ـ سان.

⑫ سېن جۇڭمىيەن: ‹‹خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى›دىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش»، جۇڭخۇا

نەشرىياتى، 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 345 ـ بەت.

⑬ ، ㉟ «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 241 ـ ، 242 ـ ، 278 ـ بەتلەر.

⑭ ، ⑲ ، ㊹ خ. ۋ. بەيلى: «ھىندى ـ سكتىيان تەتقىقاتى» (INDO- SKYTHIAN STUDIES)، خوتەن تېكىستلىرى 7 ـ تومى، كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 76 ـ بەت.

⑮ لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» شەرق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 248 ـ بەت.

⑯ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 407 ـ بەت.

⑰ ، ⑱ ئەل. مەزھەرى: «يىپەك يولى ـــ جۇڭگو بىلەن پېرسىيىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 357 ـ بەت.

⑳ شۇسوڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 20 ـ بەت.

㉑ خې نىڭ: «ئۇيغۇرلار يۇرتى توغرۇلۇق ئومۇمىي تەپسىرات» 7 ـ جىلد، 1 ـ بەت، گاۋ يۇڭجۇ يازغان «قەشقەر نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىللىق خەنزۇچە 5 ـ سان.

㉒ تاۋباۋلىيەن: «توشقان يىلىدىكى سەپەر خاتىرىسى»، 6 ـ جىلد، 11 ـ بەت، گاۋيۇڭجۇ يازغان «قەشقەر نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉓ خانىدا لىتكى: «غەربىي يۇرت بۇددىزمى» سودا نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 200 ـ بەت.

㉔ ليۇيىتاڭ «غەربىي يۇرتنىڭ ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسىگە ئىزاھ»، تەيۋەن سودا نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ ، 61 ـ بەتلەر.

㉕ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 52 ـ بەت.

㉗ نىياز كېرىمى: «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 249 ـ بەت.

㉘ فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ جۇغراپىيىسىگە ئائىت مۇھاكىمىلەر» 104 ـ بەت، سېن جۇڭمىيەن يازغان «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 344 ـ بەت.

㉚ ف. ۋ. توماس: «جۇڭگو تۈركىستانىغا ئالاقىدار تىبەتچە تېكىست ۋە ۋەسىقىلەر» (TIBETAN LITERARY TEXTS AND DOCUMENTS CONCERNING CHINESE TURKESTAN) لوندون 1935 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 133 ـ بەت.

㉜ ، ㊼ خۇاڭ شېڭجاڭ «يەنە ئۇدۇن پادىشاھى ۋىجايا سۇرا بىلەن شاجۇ خانى ساۋ يۈەنجۇڭنىڭ مەكتۇپنامىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 ـ يىللىق خەنزۇچە 1 ـ سان.

㉝ ئې. گ پۇللىي بىلانىك «ستايول خالوستوي قولىيازمىسىنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا» (The Date of the Stael- Holstein Roll, Asia Major iv- i, 1951 ـ يىل، 90 ـ 97).

㉞ تېڭ تيەنفېڭبا: «غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، سودا نەشرىياتى، 1935 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 56 ـ بەت.

㊱ خ. ۋ. بەيلى: «ھىندى ـ سكتىيان تەتقىقاتى» (INDO- SCTHIAN STUDIES)، خوتەن تېكىستلىرىنىڭ 4 ـ تومى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1961 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 122 ـ بەت.

㊳ جاڭ يى: «ئەنئەنىكەكتىكى بەش دۆلەت تەزكىرىسى بىلەن سەپەر خاتىرىسىگە ئىزاھ»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 153 ـ بەت.

㊽ ، ㊺ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 41 ـ ، 447 ـ بەتلەر.

㊾ ۋ. مىنروسكىي ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان «ھودۇدۇلئالەم» (COMMENTARY ONTHE TRANSLATLION OF THE HUDUD AL- ALAM) لوندون 1970 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 280 ـ بەت.

㊿ ، 51 گاۋ يۇڭجۇ: «قەشقەر نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1996 ـ يىللىق خەنزۇچە 5 ـ سان.

(ئاپتور: «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار توغرىسىدا

ئادىل ئاپپار كارىزى

تەبىئىي مۇھىت ئىنسانلار ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك چەكلەش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە. ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق ئىلمىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىسى، تەپەككۇر قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن كۆپ تەرەپتىن باغلانغان بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىۋاسىتە رول ئوينايدۇ. كەلگۈسىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت قارىشى مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئېكولوگىيە مەسىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىنىشى-ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ①. ئىنسانلارنىڭ ئاڭ-ئىدىئولوگىيە سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان بۇ خىل قاراشلار، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي فولكلور ساھەسىدىكى ئېتىقاد-ئادەتلىرى ۋە سەنئەت فولكلورىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. سەنئەت فولكلورىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئۆزلىرى بارلىققا كەلگەن زامان ۋە ماكاندىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ چوڭقۇر ئىزنالىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەپسانىلەردىمۇ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇ خىل ئىزنالىرى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى قاراشلار ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەپسانە — ئىنسانلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، فولكلورشۇناسلارنىڭ ئەپسانە ھەققىدىكى بىرلىككە كەلگەن چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئومۇمەن ئىلاھ (تەڭرى)لارنىڭ ھەرخىل ئىش پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئەپسانە دەپ قارىلىدۇ ②. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تۈرلۈك ئىلاھ (تەڭرى)لارنىڭ ھەر خىل ئىش پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر فولكلورشۇناسلىرىنىڭ ئەپسانە ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەپسانىلىرىنى تەڭرىلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ۋە دەل- دەرەخلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ھايۋان ۋە دەل- دەرەخلەر چۆچەك، رىۋايەت ۋە مەسەللەردىكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ھايۋان ۋە ئادەملەشتۈرۈلگەن دەل- دەرەخ بولماستىن، بەلكى بىر خىل ئىلاھىي تۈس ئالغان، توتېم ھېسابلانغان ئېتىقاد ئوبيېكتىدۇر ③. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ھايۋانات، دەل- دەرەخ ۋە باشقا تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى سىرلىق ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە قىلىنغان ھالدا نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى چۈشەنچىلىرى قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد، ئەقىدە قاراشلىرى ئاساسىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خىل چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ دەسلەپكى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك قاراشلارنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، فۇنكسىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم ساھەسىدىكى «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە قاراشلىرى» توغرىسىدىكى تەتقىقات بوشلۇقىنى بىر قىسىم نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، نۆۋەتتە رايونىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، رايونىمىزنىڭ سىجىل تەرەققىيات (ئىلمىي تەرەققىيات)نى ساقلاشتا بەلگىلىك نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىنى ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز تارىخىدا كۆپلىگەن تۈرلۈك ئەپسانىلەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئىچىدە ھەر خىل ھايۋانلار، دەل- دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر، يەر (تاغلار)، سۇ (دېڭىز، دەريا، كۆل)، ھاۋا (شامال)، تەبىئەت ھادىسىلىرى (تۆت پەسىل، قار، يامغۇر، چاقماق)، ئاسمان جىسىملىرى (قۇياش، ئاي) قاتارلىقلارنى سىرلىق ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە باش قەھرىمان قىلغان ئەپسانىلەر ئۇچرايدۇ. ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئىچىدە بۇ مەزمۇنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىزمۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس. بەلكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى چۈشىنىش، ماسلىشىش ۋە ئۆزگەرتىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ئاساسىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىزناسى دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى، ئاڭ تارىخىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەندە، شۇ مىللەت ياشاۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل مۇھىتنىڭ قىممەت قاراشقا بولغان تەسىرى بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي

ۋە مەنىۋى فولكلورىدا ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى دىنىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى كۆپلىگەن قاراشلار تاھازىرغىچە ساقلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەت قاراش كاتېگورىيىسىدە ھېلىھەم مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. ئېكولوگىيىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىنلا ئايرىلالمايدىغان مەنىۋى باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئۆرپ ــ ئادەت مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىلگىرى سۈرۈلۈشى، تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز قۇراشتۇرۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ» ④ . دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرى ۋە ئادەتلىرى چوڭقۇر ئېكولوگىيىلىك قاراشلار بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇرلار مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئىچىدىكى ھايۋانات، دەل ــ دەرەخ ۋە باشقا تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى سىرلىق ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە قىلىنغان ھالدا نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىنغان ئەپسانىلەر دەل بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا ياشاپ ئۆتكەن ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاڭ ــ ئىدېئولوگىيىسىدە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدا بەلگىلىك كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىختا شەكىللەندۈرگەن ۋە بېيىتىپ مۇكەممەللەشكەن تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتكە ماسلىشىش ۋە تەبىئەتتىن پايدىلىنىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبە ــ ساۋاقلارنىڭ ئورگانىك بىرلەشمىسى. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيىلىك رايونلار ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى جەريانىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان يەكۈنى. بۇ يەكۈنگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چوڭقۇر دىنىي ئەقىدە قاراشلىرى ھەم ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى سىڭگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە قاراشلىرى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئاڭ ــ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، داۋاملىشىش جەريانىدا بەلگىلىك قىممەت قاراش مايىللىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە قوزغالماس ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن ئۆرپ ــ ئادەت، مەدەنىيەت تۈزۈملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساس بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئاساسلىقى، تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش ۋە تەبىئەتنى قوغداش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ قاراشلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە كونكرېت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى يەر ــ زېمىن، تۇپراق قارىشى**

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى يەر ــ زېمىن، تۇپراق توغرىسىدىكى قاراشلار ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە ساددا پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ئەڭ دەسلەپكى بوستانلىق ــ تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تېرىقچىلىق ئادەت قاراشلىرىنىڭ يۇغۇ-

رولىمىسىدىن تەركىب تاپقان يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قاراشلار تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنى يەرنىڭ رولىنى توغرا تونۇپ، يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يەرنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساس بولۇش رولىنى ئويناپ كەلدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەر ـ تۇپراق توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىجتىمائىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. يەر ـــ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوبيېكتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشتىن باشلانغان بولۇپ، يەر تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۇيغۇرلار ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدىكى يەر بىلەن كۆكنى سېلىشتۇرۇش تەپەككۇر قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئەپسانىلىرىدە يۇقىرىقى يەكۈنگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

«بۇرۇنقى زاماندا ئاسماندا بىر تەڭرى، يەردە بىر تەڭرى بار ئىكەن. ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك تەختىنىڭ سۇلتانى ئىكەن. يەر تەڭرىسىنىڭ تۇپراق ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، باتۇرلۇقتا ۋە مەردلىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بىر كۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى ساياھەت قىلىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپتۇ ۋە تۇپراقنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. يەر يۈزى ئاسماندىن چىرايلىق ئىكەن. ئاسماندا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر، بەس ـ بەستە سايراۋاتقان قۇشلار ۋە كۆپكۆك يايلاقتا توپ ـ توپى بىلەن يايلاۋاتقان ھايۋانلاردىن دېرەكمۇ يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىز يەر يۈزىدە ياشاپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان ئاسمان ئىلاھى تۇپراق بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يېڭەلمەي، دەرغەزەپ بولۇپ، بالىسىنى تەۋرىتىپ ئولتۇرغان قىزىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ» ⑤ . يەنە بىر ئەپسانىدە، ئاسمان تەڭرىسىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن دەريا ياساپ، سۇ باشلاپ كەلگەن يەر تەڭرىسى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، يەر تەڭرىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلى تۇپراقنى بۈركۈتكە ئايلاندۇرۇپ قاچۇرۇۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئەپسانىلەرنى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرىدا كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىنسانلارغا بېرىدىغان مەنپەئەتى توغرىسىدا سېلىشتۇرۇش ھەم ئۇلارغا نىسبەتەن تاللاش ئېلىپ بېرىۋاتقان، كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ يەر تەڭرىسىگە چوقۇنۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئۆتكۈنچى دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان ئەپسانىلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى تارىختىكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى ۋە ئانىمىزملىق ئەقىدە ـ قاراشلار ئاساسىدىكى شامانىزم ئېتىقادىدا يەر كۆك تەڭرى ۋە يەر تەڭرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ قارالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئېتىقادىدا يەرمۇ مۇھىم بىر چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغاندى. ئۇيغۇرلار يەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى بارلىققا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئادەم توپىدىن يارالغان» دېگەندەك تۇپراقتىن يارالمىش ئەقىدە ـ قاراشلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغانىدى. تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر شامانلار يامغۇر تىلەش مۇراسىم ـ پائالىيەتلىرىدە «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەندەك ئىلاھىي قوشاقلارنى ئوقۇيدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇ قوشاقنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ئەقىدە ـ قاراشلىرىدا كۆك تەڭرى ئاتىغا، يەر تەڭرى ئانىغا سىمۋول قىلىنغانىدى. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە يازما يادىكارلىقلاردا، يەر تەڭرىنىڭ ئانا تەڭرى «omay katun» (ئوماي ئىلاھە) ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئەقىدە ـ قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ يارالمىش ئەپسانىلىرىدىكى ئاتا تەڭرى ـ ئۆلگىن تەڭرى بىلەن ئانا تەڭرى ـ ئوماي ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

«ئىنسانلارنى ئاتا تەڭرى ئۆلگىن بىلەن ئانا تەڭرى ئۇماي ياراتقان. ئۆلگىن تەڭرى ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن تەختنىڭ سارايىدا تۇرىدىكەن... ئۇستۇنكى پارلاق ماكان (ئاسمان ـ جەننەت) بىلەن ئاستىنقى قاراڭغۇ ماكان (يەر ئاستى ـ دوزاخ)نىڭ ئارىسىدا «ئۇماي ئانا» (يەر ئانا) بار ئىكەن» ⑥ .

بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ «تۇپراقتىن يارالمىش» ئىددىيىۋى كۆز قارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن ماقال ـ تەمسىلنىڭ كېلىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ تاھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن يەرنى ئۇلۇغلاش ۋە قەدىرلەش توغرىسىدىكى ئادەت ـ قاراشلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

بەزى مەنبەلەردە، «‹يەر ئانا› قارىشى ئىنسانلار ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ تېرىقچىلىق تۇرمۇشىغا كىرگەن دەۋرلەردە پەيدا بولغان» ⑦ دېيىلىدۇ. چۈنكى، يەر، تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، يەرنىڭ ھاياتلىق تىرىكچىلىكىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئىلگىرىكى يەرگە چوقۇنۇش ئېتىقاد ـ قاراشلىرى ئاساسىدا، يەرگە بولغان ھۆرمەت ۋە تەشەككۇرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئۇماي ئانا» (يەر تەڭرى) قارىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تەڭرى ئۇماي ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە، «ئۇماي ئانا ئىنسانلارغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەلىرىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھى، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ شەپقەت ئىلاھى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ تەڭرىنىڭ بىرى يەر تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئىدۇق يەر ـ سۇب» (مۇقەددەس يەر ـ سۇ) دەپ ئاتالغان. ‹ئىدىقۇت› دېگەن نام ئەنە شۇ يەرگە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ‹ئىدىقۇت›ـ قۇت بەرگۈچى خۇدا دېمەكتۇر» ⑧ . بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى يەرنى ئۇلۇغلاش ۋە يەرنى قەدىرلەش توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش قاراشلىرىنىڭ تۈپ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنى ئۇلۇغلاش، يەرنى قەدىرلەش ۋە يەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادى، ئانىمىزملىق ئەقىدە ـ قاراشلار ۋە شامانىزم ئېتىقادى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرى ئارقىلىق تاھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەن.

**2. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار**

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى قاراشلار ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم ۋە توتېمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرى ئەمەلىيىتىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ــ ئىنسانلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۇنياۋى ئومۇملۇققا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرى. «ھايۋانلارغا چوقۇنۇش بىلەن توتېم پۈتۈنلەي بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ناھايىتى كەڭ چۈشەنچىدۇر. توتېمىزم بولسا ئۇرۇق دەپ ئاتالغان ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ

(جەمئىيەت) ئەزالىرىنى مۇقەددەس بىلىپ، بەزى مەخلۇ-
قاتلارغا ياكى شەيئىلەرگە باغلىغان ئەڭ قەدىمكى ئېتىـ
دائىي دىنلارنىڭ بىرى. ئەنە شۇنىڭدىن توتېم ئېتىقادى
كېلىپ چىققان ⑨ .

ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېتىقادى—ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق
ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم
قويغاندىن كېيىن، تارىختىكى ئانىمزملىق قاراشلار ئاسا-
سىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چار-
ۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى ئىجتىمائىي
تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە، هايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتى ئىنتايىن زىچ بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار بەزى هايۋان-
لارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، پۇراش سېزىمى، مېڭىش سۈر-
ئىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە هوشيارلىقى جەهەتتە ئۆزلىرى-
دىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشكە باشلىغان. هايۋان-
لاردىكى بۇ خىل سىرلىق كۈچ-قۇۋۋەت كىشىلەر تە-
سەۋۋۇرىدا ئىلاهىي تۈس ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ
كېلىپ چىقىش نەسلى، قوغدىغۇچىسى، باشپاناهى ۋە مە-
دەت بەرگۈچىسى دەپ تونۇيدىغان قاراش شەكىللىنىشكە
باشلىغان ۋە كېيىنچە بۇ قاراشلار ئاساسىدا ئۇلارغا چو-
قۇنغان ۋە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلاردا توتېم
ئېتىقادى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىلاهلى-
رى توغرىسىدا خىلمۇخىل ئەپسانىلەرنى ئىجاد قىلغاندى.
ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى هايۋانلار هەققىدىكى
ئەپسانىلەردە ئاساسەن توتېم هايۋانلار توغرىسىدىكى
هېكايىلەر بايان قىلىنىدۇ.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا قۇت
(بۆرە) بەخت تەڭرىسى دەپ قارىلىپ، تۈركىي تىللىق
خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى توتېم ئېتىقادى بولۇپ قالغان.
ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى ئەپ-
سانىلەر بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئە-
چىدىكى گەۋدىلىك بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:
«تۈركلەر بۇرۇن غەربىي دېڭىزنىڭ غەربىدە ياشىغانىكەن.
ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى ئاشنا بولۇپ، باشقىلىرى
قەبىلە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشنا ئەل تەرىپىدىن
يوقىتىلىپتۇ. پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا
بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن ساق قېلىپ
چوڭ بوپتۇ، بۆرە بۇ بالىدىن هامىلدار بوپتۇ. كېيىن ھې-
لىمقى بالا ياۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە
ئۇچراپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئەۋلىيا هىلقى بۆرىنى غەربىي
دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىدىقۇتنىڭ غەربىگە جايلاشقان
شىمالىي تاغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. بۆرە ئۇ جايدا ئون ئو-
غۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ بولۇپ كۆپە-
يىپتۇ. ئۇلارنىڭ هەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بو-
لۇپ، ئاشىنا شىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەن» ⑩.
يەنە بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلار بىر
ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغ ئىچىگە
قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي هالاك بولۇش
خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەهۋالدا قالغاندا،
ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتى-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆ-
رىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان
بۆرە ناهايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار
بۆرە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ مېڭىپتۇ. قاپقاراڭغۇ
غارنىڭ ئىچىدە خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن غارنىڭ ئۇ
بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بې-
شىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار
شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ.
ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ شۇ يايلاققا چە-
قىپ، هالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار
بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ قىلىپ چوقۇنىدىغان بوپتۇ»⑪ .

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردە تەسۋىرلەنگىنى ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىختا «بۆرە»گە چوقۇنغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ
ئەمەلىيىتىنىڭ كونكرېت ۋە ئەينەن ئىنكاسى بولۇپ، ئۇي-
غۇرلارنىڭ بۆرىدىن ئىبارەت بۇ هايۋاننى ئۇلۇغلايدىغان،
ئەتىۋارلايدىغان، ئاسرايدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلىرى
ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە يەنە، ئۇيغۇرلار تارىختا
توتېم قىلىپ چوقۇنغان «شىر (ئارسلان)»، «تۆگە
(بۇغرا)»، «ئات»، «لاچىن»، «كالا» قاتارلىق بىر
قىسىم هايۋانلار توغرىسىدىكى مەزمۇنلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ
خىلدىكى ئەپسانە مەزمۇنلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى
ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلى-
رىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتە-
مائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن

هايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىقىندىلىق مۇناسىۋەتلەر ۋە دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم هايۋانلارنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش ئارقىلىق هاسىل قىلغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك يەكۈنلەر ناهايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ هايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاسراش ئىدىيىسى ئەپادىلەنگەن.

**3. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈك قارىشى**

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈك قارىشى—ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى تەبىئەتتىن يىغىپ ـ توپلاش ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، ئادەم بىلەن دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماهىيەتلىك ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى تەبىئەتتىن يىغىپ ـ توپلاش تۇرمۇش ئادىتى بىلەن دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقاد ـ قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاسراش ئادەت قاراشلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام يەكۈنى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بوستانلىق تېرىم ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاهىدىلىكىنى قوغداشتا ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

«دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ ـ توپلاش پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل ئېتىقاد پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان قەدىمىي ئېتىقاد بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئېلىپ بېرىلىش شەكلى هەممە خەلقلەردە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ»⑫. قەدىمكى ئىنسانلار ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا، دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىن نەپ ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇلاردا دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەن چوڭقۇر هۆرمەت ۋە چوقۇنۇش هېسسىياتى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىكى كېسىۋەتسە قايتا ئۈسۈپ چىقىدىغان سىرلىق كۈچ ئۇلارنى هەيران قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىلاهىي تۈس ئالغان. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئىنسانلاردا دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ناهايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئەپسانىلەردە مۇنداق هېكايىلەر بايان قىلىنىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن هۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان ئادەمدىن تۇغۇلمىغان ئىكەن... ‹ esca › دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەختىن تۇغۇلغان ئىكەن»⑬ . يەنە بىر ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دېگەن بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يۇرتتىكى ئىككى دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىرسى توغۇ دەرياسى، يەنە بىرى سىلىڭگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن بۇ ئىككى دەريا ئارىسىدىكى دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ. ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ گەۋدىسى بارغانسېرى كېڭەيىپ، قورساق سېلىپ قاپتۇ. مۇڭلۇق مۇزىكا ئاهاڭلىرى ئاڭلىنىپ، كېچىلىرى 30 قەدەم ئارىلىقتىكى يەرلەرگە يورۇق چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا توققۇز ئاي، ئون كۈن چۈشكەندىن كېيىن، هېلىقى دەرەخنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن بەش بالا چىقىپتۇ. بۇلار دەرەختىن تۇغۇلغان مۇقەددەس بوۋاقلار ئىكەن. ئۇلار يەرگە چۈشۈپ، كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى سوراپتۇ. كىشىلەر دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. بالىلار دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ خۇددى ئاتا ـ ئانىغا هۆرمەت قىلغاندەك ئۇلارغا چوقۇنۇپتۇ. دەرەخ تۇيۇقسىز ئادەمدەك سۆزلەپ كېتىپتۇ: ‹پەزىلەتلىك ياخشى بالىلار بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرۇڭلار، مېهىر ـ شەپقەت، ۋاپانى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، سىلەرنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشۈڭلارنى، نامىڭلارنىڭ مەڭگۈ ئۇچمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز›، دەپتۇ. هەممە كىشى بۇ بالىلارنى ناهايىتى هۆرمەتلەپتۇ. ئۇلارنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە ئىشەنگەن ئۇيغۇرلار

بۇلارنىڭ بىرىنى ھۆكۈمدار قىلىشنى قارار قىپتۇ. بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بۆكۈتېكىن گۈزەللىكتە ۋە ئەقىل-پاراسەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەممەيلەن بىردەك خاقانلىققا سايلاپتۇ. داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ»[14].

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە ئاسرايدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى تەبىئەتتىن يىغىپ-توپلاش تۇرمۇش ئادىتىنى تېرىقچىلىق ئىقتىسادىغا ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ تىكىپ، باغ ياسايدىغان، ئولتۇراقلىشىش ئادەتلىرىدە مەھەللە، ھويلا-ئاراملارغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ، ھەر خىل باراڭلارنى ياساشتەك يېشىللىقنى سۆيىدىغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان.

**4. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى**

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشى—ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد (ئانىمىزم) قاراشلىرى بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىغا خاس بولغان ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئادەم ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۈندۈرمىلىرى، شۇنداقلا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ پايدىلىق رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوبرازلىق يەكۈنى. بۇ خىل قاراشلار تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش جەريانىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

«تەبىئەت—دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئوبيېكتىدۇر. بۇ نۇقتىنى بارلىق دىنلار، بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى»[15]. كۆككە چوقۇنۇش—ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، كۈن، يۇلتۇز، بۇلۇت، بوران، شامال، يامغۇر، قار، چاقماقلارغا بولغان ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىمۇ كۆك تەڭرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئۆلگىن تەڭرى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۆلگىن تەڭرى ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە، ئالتۇن تەختلىك سارايدا تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ تېنى ئىنسانغا ئوخشايدىكەن. كۆكتىن تۆكۈلىدىغان رەھمەت يامغۇرلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شال ئىكەن. ئۆلگىن تەڭرىنىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئاسماندا تۇرىدىكەن. ئۆلگىن تەڭرىنىڭ خىزمىتىدە يەنە باشقا روھلارمۇ بار ئىكەن. بۇلار يورۇق، شولا، قار قاتارلىقلار بولۇپ، يورۇق ئىنسانلار بىلەن ئۆلگىن ئارىسىدىكى ئالاقچى ئىكەن. ئومۇمەن، ئۆلگىن تەڭرى كۆكتىكى بارلىق ئىلاھلارنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان تەڭرى بولۇپ، ئۇ ئالتاي سامانىستلىرىنىڭ ئېتىقادىدىكى بۈيۈك تەڭرى ئايازخان (ياراتقان)نىڭ دەل ئۆزىدۇر»[16].

بۇ ئەپسانە دەل ئۇيغۇرلار كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، كۆك تەڭرىسى ئۆلگىننى ئاسماندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تەڭرىسى دەپ قاراپ، كۆككە چوقۇنۇش، كۆكنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل قاراشلار كېيىنچە كۆكتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەۋجۇداتلار توغرىسىدا بىلىشكە ئىگە بولۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە كائىناتتىكى مەۋجۇداتلار ۋە ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىمۇ بىر قىسىم ئەپسانىلەر ئۇچرايدۇ. «ئايال تەڭرىنىڭ دۇنيانى يارىتىشى» دېگەن ئەپسانىدە مۇنداق ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ: «بۇرۇنقى زاماندا، ئالەمدە قۇياش، ئاي، يەر، يۇلتۇزلار پەيدا بولمىغان، شۇنداقلا بىرمۇ جانلىق يوق چاغدا، پۈتكۈل ئالەمدە پەقەت بىرلا ئايال

تەڭرى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تەققى ــ تۇرقى ئادەمگە ئاساسەن ئوخشىسىمۇ، ئەمما بويى ئادەمدىن خېلى ئېگىز ئىكەن. ئادەتتە ئۇ جىمجىت ئۇخلايدىكەن. ئەگەر ئويغىنىپ كېرىلسە بەدىنى پۈتكۈل ئالەمنى قاپلايدىكەن. قولنى يايسا كائىناتنى يېپىۋالىدىكەن. كۆزىنى ئاچسا ئالەم بىردىنلا يوپيورۇق بولىدىكەن. كۆزىنى يۇمسا ئالەم قاراڭغۇلىشىدىكەن. كېيىن ئۇ زېرىكىش ھېس قىلىپ، بار كۈچى بىلەن بوشلۇقتىكى چاڭ ــ توزانلارنى سۈمۈرۈپ، ئاندىن يەنە بار كۈچى بىلەن سىرتقا پۈۋلەپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەم يوغان، ھەم يۇمىلاق نەرسە ئۇچۇپ چىقىپ جاھاننىڭ شەرق تەرىپىگە كېتىپتۇ. بۇ بولسا قۇياش ئىكەن. ئۇ يەنە پۈۋلەپتۇ. بۇ چاغدا ئاغزىدىن ئاي چىقىپتۇ، يەنە پۈۋلىگەندە يەرشارى چىقىپتۇ. ئۇ توختىماستىن پۈۋلەۋەرگەنىكەن، يۇلتۇزلار چىقىپتۇ. ئايال تەڭرى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي يەنە پۈۋلەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن نۇرغۇنلىغان لاي پارچىلىرى ئېتىلىپ چۈشۈپ ئادەملەرنى ھاسىل قىپتۇ. بۇ ئادەملەر يا ماڭالماي، يا سۆزلىيەلمىگەچكە، ئايال تەڭرى يەنە پۈۋلەپ يەرشارىغا قۇرت ــ قوڭغۇزلارنى ئەۋەتىپ، ئادەملەرنى ئىتتىرىپ ماڭغۇزۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئايال تەڭرى بۇ ئادەملەرنىڭ ئاغزىغا پۈۋلەپ سۆزلىيەلەيدىغان، كۈلەلەيدىغان، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان قىپتۇ. بۇ ئادەملەر بەك كىچىك بولغانلىقتىن ئايال تەڭرى بۇ ئادەملەرنى سىلاش ئارقىلىق چوڭايتىپتۇ ھەمدە ئەر ــ ئايال دەپ ئايرىپتۇ. ئۇلارنى ھەم يەرشارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىپتۇ. بۇ ئادەملەر كۆپىيىپ بۈگۈنكى ئىنسانلارنى ھاسىل قىپتۇ. ئايال تەڭرى يەنە ياۋايى ھايۋانلارنى، دەريا ــ كۆللەرنى يارىتىپتۇ. قۇرت ــ قوڭغۇزلار يەيدىغان ئوزۇقلۇق تاپالماي جىن ــ ئالۋاستىلارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئايال تەڭرى ئاخىرىدا يەنە ئادەملەرگە ئەقىل ــ پاراسەت بېرىپتۇ»⑰ .

ئەسما ھەققىدىكى ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەسما پەرى ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، يەتتىنچى ئاسماندا تۇرىدىكەن. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھادىسىلەر مانا شۇ پەرىشتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىقىدىكەن. ئەسما پەرى كۆزىنى ئاچسا قۇياش چىقىپ، پۈتۈن كائىنات يورۇيدىكەن. ئۇ ئۇخلىسا جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇسى باسىدىكەن. يىغلىسا يامغۇر ياغىدىكەن. كۈلسە قار ياغىدىكەن، ئاغزىنى ئاچسا بوران چىقىدىكەن، نەپەس ئالسا شامال چىقىدىكەن، قاپىقىنى تۈرسە ھاۋا بۇزۇلىدىكەن، غەزەپلەنسە يەر تەۋرەيدىكەن، قېشىنى ئاتسا ھەسەن ــ ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن»⑱ .

بۇ خىلدىكى ئەپسانىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم، يەرشارى، ئىنسان، ھايۋاناتلار، قۇرت ــ قوڭغۇزلار، دەريا ــ كۆللەر،ئاي، قۇياش، يۇلتۇز، قار، يامغۇر، شامال، بوران، كېچە بىلەن كۈندۈز، ھاۋارايى ۋە يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە بىلىشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوبرازلىق يەكۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە تەبىئەتكە ماسلىشىش جەريانىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىۋى تەبىئەت ھادىسىلىرى قارىشىنىڭ تۈپ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيىلىك قاراشلار ئۇيغۇر مىللىتى ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا تۈپ يىلتىزى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۇندۇرمىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئىپتىدائىي (تەبىئەت) ئېتىقاد قاراشلىرى بىلەن تىرىكچىلىك ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە ــ ساۋاقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ خىل قاراشلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدە ــ قاراشلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆزگىچە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى ۋە ھەر خىل ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ بىرىكىشى ئاساسىدا تەدرىجىي بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغان. ئەپسانىلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرىنىمۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنى تەڭشەپ، ئۆز مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك



قاراشلارنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېكولوگىيە قاراشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، رولى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بىلىشكە ئىگە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئىزاھاتلار:**


① جاك فەن: «ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىقى»، خېبېي لوگجىياڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل، 368 ـ بەت.

② ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

③ ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل.

④ جاك فەن: «ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىقى»، خېبېي لوگجىياڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل، 227 ـ بەت.

⑤ ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

⑥ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، 457 ـ بەت.

⑦ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، 461 ـ بەت.

⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1990 ـ يىل 1 ـ سان، 68 ـ بەت.

⑨ جاك فەن: «ئېكولوگىيە فولكلورشۇناسلىقى»، خېبېي لوگجىياڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل، 276 ـ بەت.

⑩ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.

⑪ ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

⑫ راھىلە داۋۇت: «قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخكە چوقۇنۇش ئېتىقادى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1990 ـ يىل 1 ـ سان، 78 ـ بەت.

⑬ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، 557 ـ بەت.

⑭ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل.

⑮ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، 454 ـ بەت.

⑯ ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

⑰ ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى 1 ـ قىسىم»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.

⑱ ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى 1 ـ قىسىم»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.


(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىن)

# مەن ئوقۇغۇچى



ۋاڭ مېڭ

جاڭگۇاننىڭ «مەن دېھقان» دېگەن بىر ھېكمەتلىك گېپى بار، ئۇ ناھايىتى توغرا، ناھايىتى ئورۇنلۇق، ناھايىتى راست گەپ قىلغان.

جا جەمەتىنىڭ بۇ خىل نەزەرىيىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى ئۇقۇپ، مەن ئۆزۈمنى نېمە دېسەم بولار دەپ ئويلىنىپ قالدىم. مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم خېبېي ئۆلكىسىنىڭ بىر يېزىسىدا ياشىغان، 1958 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەن يېزىدا سەككىز يىل ئەمگەك قىلدىم. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ ھېلىھەم دېھقانلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى بار، سىرتلارغا چىقسام پويىز، ئايروپىلانلارغا كېچىكىپ قېلىشتىن بەك ئەنسىرەيمەن، ئاش ـ تاماقلارنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن، يەنە قورسىقىم ئېتىلىپ كېتىشكە رازىكى، ئاشۇرۇپ ـ تاشۇرۇپ تۆكۈۋېتىشنى راۋا كۆرمەيمەن. بىراق مەن نېمىلا دېگەن بىلەن چوڭ شەھەردە تۇغۇلدۇم، چوڭ شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، چوڭ شەھەردە خىزمەت قىلدىم. شۇڭا ئۆزۈمنى دېھقان دەپ ئېيتالمايمەن. ئەمەلىيەتتە، دېھقان دېسەم ئاددىي ـ ساددا كۆرۈنىمەن ھەم ئۈستۈمگە ئالىدىغان بەزى مەسئۇلىيەتلەرمۇ ئازراق بولىدۇ.

مەن دېگەن شەھەر ئاھالىسىمۇ؟ ياق، مەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدىن باشلاپلا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، ئەزەلدىن ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىسىدەك ياشاپ كەلدىم، دەپ ئېيتالمايمەن.

بىر مەھەل مەن ھەتتا ئۆزۈمنى كادىر دەپ ئېتىراپ قىلاي دەپمۇ ئويلىدىم. مەن 1949 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 14 يېرىم يېشىمدا كادىرلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، چوڭ ـ كىچىك ۋەزىپىلەردە بولدۇم، ھەتتا شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا «ئەمگەك بىلەن چېنىققان» مەزگىللەردە تېخى خەلق گۇڭشېسىدا مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقىمۇ بولدۇم. تاكى بۈگۈنگە قەدەر دۆلەتنىڭ كادىرلىق سالاھىيىتىگە ئىگەمەن. ئۆزۈمنى كادىر دېسەم ھېچقانداق مەسىلە تاقاشمايدۇ، گەرچە ھازىر بەزى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى «كادىر» دېگەن بۇ سۆزنى تازا ياقتۇرمىسىمۇ بىراق مەن

ئۆزۈمنىڭ كادىرلىقنى چوقۇم ياۋاشلىق بىلەن تەن ئېلىشىم كېرەك. مەندە كادىرلارغا خاس پىسخىكا ۋە ئادەت بار، بۇنىڭ پايدىلىق تەرىپى ئومۇمىيەتنى ئويلاش بولسا، ناچار تەرىپى كىشىلەر ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلىش ۋە ھەممە ئىشقا چات كىرىۋېلىش، مىنىڭ كادىر بولۇشۇم جان بېقىش، ھوقۇق تۇتۇش، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابىي غايە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش ئۈچۈندۇر!

مىنىڭ بىر كەسپداش ئاغىنەم بولدىغان، بىر قېتىم بىر پۇرسەت بىلەن رەھبىرىي يولداشلار قاتناشقان يىغىندا سۆز قىلىپ قالدى. ئۇ مەندىن سۆزلىگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ قانداقراق بولغانلىقى توغرىسىدا پىكىر ئالدى، مەن ئۇنىڭغا ياشلارغا بىر نەچچە ئېغىز بىر نىمە دەپ بېرىڭ، دەپ تەكلىپ بەردىم. ئۇ مىنىڭ تەكلىپىمنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈپ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ھەم ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سۆزلىگۈسى يوق ئىكەنلىكىنى دەپ كېلىپ:

— بۇنى سۆزلىسەم، ياشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ مېنى ئوڭدا قويارمىكىن؟ مەن سۆزلىمەي،— دېدى. مەن ئۇنىڭ سەممىيلىكىگە ناھايىتى زوقلانغان بولسامۇ، ئەمما ئۇنىڭ گېپىدىن تولىمۇ ھەيران قالدىم. مەن بۇ جەھەتلەرنى ئويلاپ باقماپتىمەن، مەندە بۇنداق ئوي ـ پىكىرنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مىنىڭ كادىر، ھەتتا زىيالىي بولۇش سۈپىتىدە بۇنداق بىنومۇس گەپنى قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر، شۇنىڭدەك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەر شۇنچە قىزىللىشىپ كەتتى، شۇنداق قورۇندىغان بولۇپ نازۇكلىشىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنداق خالىس ھەم لىبى فىڭدەك پىداكار دەپمۇ ئېيتالمايمەن. پەقەتلا مەن شۇنچە ئۇزاق يىل كادىر بوپتىمەن، مەسىلىلەرنى ئويلاشقاندا، ئىدىيىۋى پىكىرلىرىمنى ئىپادە قىلغاندا ھەرگىز ئۆزۈمنى چىقىش قىلىشقا ئادەتلەنمەپتىمەن دېمەكچى. مەن ئەيمەنمەستىن ئۆزۈمنىڭ شەخسىيەتچىلىكىمنى قائىدە دەپ چۈشەندۇرۇشكە ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايمەن.

ئىلگىرى كادىر بولغان ئادەم كەسپىي ئىشلىرىدىن ئايرىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ پەقەت بىر دائىرە، بىر ئورۇن، بىر رايوننىڭ مەنپەئەتى بويىچە تەپەككۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ سۆزلەيدۇ. مىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدىلا پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا قويۇلغان قاتتىق تەلەپ قانداقلا بولمىسۇن قەلبىمدە مۆھۈر بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى. مەن بۇنى «ئۆسمۈر خىزمەتچى» دەپ ئاتايمەن. بۇ تەقدىر قىسمىتى ئوخشايدىغان ياكى ناچار كەيپىيات بىلەن تولغان شارائىتتا «ئەمەل تەمەسى»دا لالما ئىتتەك ھەر يەرگە دوقۇرۇپ يۈرگەن كىشىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ.

1948 ـ يىلى (دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى) پارتىيىگە كىرگەن ھەم ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتتىن باشلاپ ھېسابلاپ باقسام، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقتتىن بېرى كونكرېت ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىم 12 يىل بوپتۇ، قالغان 42 يىل ئۆمرۈمنى ئوقۇش (ئىككى يىل)، جىسمانىي ئەمگەك (13 يىل)، مەخسۇس ئىجادىيەت (12 يىل)، «ئىككىنچى سەپكە چېكىنىش» (13 يىل)، تەكشۈرۈش، سوراققا تارتىلىش (ئىككى يىل)لار بىلەن ئۆتكۈزۈپتىمەن.

19 يېشىمدا «ياشىسۇن ياشلىق باھار»نىڭ تۇنجى ئورىگىنالىنى قولۇمدىن چىقارغاندىن بېرى بۈگۈنگىچە ئارىلىقتىن 48 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھازىر ئويلىسام يازغۇچى بولۇپ قالغاندەكمۇ قىلىمەن. ۋەھالەنكى، 48 يىل ئىچىدە 20 نەچچە يىل يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا ئىمكان بولمىدى، ئۇ يىللاردا مەندە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنايچۇ دەيدىغان ئىستەكمۇ قالمىغانىدى. بارا ـ بارا بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايمەن، دەۋەتكەن ئىدىم. ئەگەر ئۆزۈمنى يازغۇچى، قەلەمكەش دېسەم جاپىڭۋامۇ شۇنداق، بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم «مەن» كىم، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم، بۇ يېزىقچىلىقنى ئەمەس، ئىجتىمائىي سالاھىيەتنى، «ئىلگىرى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان» سالاھىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەن ئەزەلدىنلا يېزىقچىلىق دېگەن ئىنسانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى پائالىيىتى دەپ قاراپ كەلگەنمەن. بۇ يەردە گەپ بىر ياز-

غۇچىنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتى، ئەسلىي ماھىيىتى ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ.

مەن بىردىنلا ئېسىمگە كەلدىم. مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىم، مېنىڭ ھاياتىمغا باغلانغان سالاھىيەت باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلىق بوپتۇ. راست، مەن ئوقۇغۇچى، گەرچە مېنىڭ رەسمىي ئوقۇش تارىخىم تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىق سەۋىيىسىدە بولسىمۇ، ئەمما مەن ئەزەلدىن ئۆگىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. كىتاب ئوقۇيمەن، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى تولۇقلاپ تۇرىمەن، مەن تۇرمۇشتىن ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمەن، ھەممە ئادەم مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم، ھەممە يەر مېنىڭ دەرسخانام، ھەر بىر ۋاقىت مېنىڭ ئوقۇش مەۋسۇمۇم، كادىرلىق سالاھىيەت جەدۋىلىدىكى ئۆزىنىڭ «شەخسىي كېلىپ چىقىشى» دېگەن كاتەكچىنى «ئوقۇغۇچى» دەپ تولدۇرغانمەن.

ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى ئەنە شۇنداق ئېنىق تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئالەمچە خۇشال بولۇپ كەتتىم! بۇ بىر خىل سالاھىيەت بولۇپلا قالماي، بەلكى مېنىڭ دۇنيا قارىشىم، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىم، خاراكتېرىم بىلەن ھېسسىياتىمنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم ئورگانىك تەركىبىي قىسمى. مەن ھاياتنى بىر ئۆگىنىش جەريانى دەپ بىلدىم. ئۇ قۇرۇق، مەنىسىز، غايىۋانە، ئەھمىيەتسىز بولماي بەلكى ئورۇنلۇق، مەنىلىك، نەتىجىلىك، ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەۋەس ـ ئىشتىياق بىلەن مۇجەسسەملەنگەندۇر. ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىدە كۈنسېرى ئالغا بېسىش، كۈنلەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئۇ (ئۆگىنىشنى دېمەكچى) ئۆزىنى پەۋقۇلئاددە دەپ ھېسابلاش ۋە ئۆزىنى كۆپتۈرۈش ئەمەس، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تىجارەتچى ئەمەس، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى، ھەممىگە ئىگە بولىمەن دەپلا ئىگە بولىدىغان خاسىيەتلىك ئادەم ئەمەس، بەلكى كەمتەرلىك ۋە سالماقلىق، مەن ھەممىنى ئوقۇغۇچىلىقتىن، يەنى ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، ھۆكۈم قىلىشتىن باشلاشنى خالايمەن. ئۆگىنىش ھەرگىز ئۆزۈمچىلىك ۋە زومىگەرلىك، بويسۇنغانلار روناق تاپىدۇ، قارشى چىققانلار ھالاك بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئۆزئارا ئۆگىنىش، باھار يامغۇرىدەك ئىللىق بولۇش، ۋاپاغا جاپا قىلماي، ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشتۇر. ئۇ ھەرگىز مەنمەنچىلىك، كۆرەڭلەپ ئەسلىنى ئۇنتۇش ئەمەس، شۇنداقلا بىر يولىلا رەھىمسىزلەرچە ھەممىنى ئىنكار قىلىش ۋە دۈشمەنلىشىش بولماستىن بەلكى تارىخقا، ئەجدادلارغا، ئوخشىمىغان ئىلىم ۋە تەپەككۇرغا ھۆرمەت قىلىپ، بارلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق كونا ـ يېڭى نەتىجىلەرنى قوبۇل قىلىپ، كىشىلەرگە، كەسپداشلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ ئىجادىي مەدەنىيەت ئۇسلۇبىنىڭ نامايەندىسى. ئۇ قوبۇل قىلىش، ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش ۋە يېڭى بىلىم، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى نۇقتىلارنى بايقاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ ئىدراك، ئەقىل ـ پاراسەت، تۇرمۇش، ئەمەلىيەت ۋە مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش بولۇپ، ھەرگىز ۋاز كېچىش ۋە نابۇت قىلىش ئەمەس، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆگەنسە بولىدىغانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ھوقۇقىغا ۋە مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ھەرقانداق ئادەم ھەقىقەتنىڭ چېكىگە يېتەلمەيدۇ ھەم ئۇنى مونوپول قىلىۋالالمايدۇ. ئۇ بەندىنىڭ پەيغەمبەر ياكى تەڭرى بولالىشىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ھەم ئاسانلىقچە ئۆزى بىلەن ئۆزگە ئېقىمدىكى كىشىلەرگە رەزىل، دىنسىز، جىن ـ ئالۋاستى دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ. ئۇ كىشىلەرگە دېموكراتىك، باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ، ئۇ قانائەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە قېرىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ!

تولىمۇ ئەپسۇس، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈممۇ ئورۇنداپ بولالمىدىم، گەرچە نىشانغا يېتەلمىگەن بولساممۇ، ئەمما ئىرادەمدىن قايتمىدىم، مەن بىر لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى بولۇشتىن تولىمۇ يىراق. بىراق شۇنى چۈشەندىمكى، ئوقۇغۇچى بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!

(ۋاڭ مېڭنىڭ «مېنىڭ ھايات پەلسەپەم» دېگەن كىتابىدىن)

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com



ئانارگۈل باقى

# ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش يوسۇنى

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مول مەدەنىيىتى بىلەن دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلار تۇرمۇش ۋە ھاياتنى تېخىمۇ مەنىگە ئىگە قىلىش ۋە بېيىتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن قائىدە-يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «سالاملىشىش» ئەنە شۇ قائىدە-يوسۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

سالاملىشىش ھەممە مىللەتكە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. سالاملىشىشنىڭ شەكلى بولسا ھەرقايسى مىللەتلەردە پەرقلىق بولىدۇ.

سالاملىشىشنى ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەپ-ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مىزانى، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارمۇ تارىختىن بۇيان سالاملىشىشقا يۈكسەك ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە تىلى چىققاندىن باشلاپلا سالاملىشىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن سالام-سەھەت پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىشقا باشلاپ، بارا-بارا قان-قېنىغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا سالام-سەھەتنى بىلمەيدىغانلارنى ئەيىبلەيدىغان ياخشى ئادەت بار. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار سالاملىشىشقا ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

سالاملىشىشنىڭ قىممىتى توغرىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كاتتا ئەسىرىدە مۇنۇلارنى قەيت قىلغان:

5055. سالامدۇر كىشىگە ئېسەنلىك يولى،
سالامغا قويۇلۇر ئېسەنلىك ئۇلى.

5056. سالامدۇر كىشىگە ئەمىنلىك-ئامان،
قىلىنسا سالام، ساق بولۇر ئۇشبۇ جان.

4111. كۆرەگلەپ قولۇڭنى سېلىپ كىرمىگىن،

ئىلىك ئال سالامنى، غاپىل بولمىغىن.

4154. كىرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىنى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادەتلىرى كۆپ قاتلاملىق بولغاچقا، ئەر ـ ئاياللاردىكى سالاملىشىش يوسۇنلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بۇلارنى مۇنۇ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىپ بايان قىلىش مۇمكىن.

1. ئەرلەر ئارىسىدىكى سالاملىشىش

ھازىر بىزدە ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش قائىدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سالاملىشىش ھاجىتى تۇغۇلغاندا سالام بەرگۈچى تەرەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن باشنى ۋە بەلنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئېگىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشى، سالام قوبۇل قىلغۇچى تەرەپمۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىگىلىپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. يەنە بەزىدە سالام بەرگۈچى تەرەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ، سالام قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالام ـ سەھەت يوللىنىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئادەتلەرمۇ بار.

ئۇيغۇرلار سالام ـ سەھەتتە ئالدى بىلەن كىچىكلەر چوڭلارغا سالام بېرىشكە ئادەتلەنگەن.

ناۋادا، بىرەر ئۇلاغلىق (ئات ياكى ئېشەك مىنگەن) كىشى جامائەت توپى ئارىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، جامائەتنى تونۇش ياكى تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كىشى ئۇلاغدىن چۈشۈپ، جامائەتكە سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلاغقا قايتا مىنىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئۇنى تونۇش ـ تونۇماسلىقىدىن قەتئىينەزەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسىبەت بولغان ئۆيگە بېرىپ، ئۆي ئىگىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، پەتە قىلىپ، ھال سوراش ئادىتى بار. يەنى ھال سوراپ بارغۇچى كىشىنى ئۆلۈم ئىگىلىرى (ھازىدارلار) ئىشىك ئالدىدا ياكى ئۆيدە كۈتۈۋالىدۇ. پەتىگە بارغۇچى كىشى ھازىدارلار بىلەن مۇسىبەت تۇيغۇسى ئىچىدە بىر ـ بىرلەپ ئىككى قولىنى ئۇزارتىپ بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى يەڭگىل سىقىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، قولىنى ئاجرىتىپ بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپ ئىككى قولى بىلەن ئىڭەكلىرىنى، ساقىلى بارلار ساقىلىنى يەڭگىل سىلاپ ـ سىپاپ قويىدۇ. توي ـ تۆكۈنلەردە بولسا قىزغىن كەيپىياتتا يۇقىرىقىغا ئوخشاش كۆرۈشىدۇ.

ياشانغانلار بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا بولسا، ياشلار ئولتۇرغان بولسۇن، ماڭغان بولسۇن (ئۇلاغلىق ياكى پىيادە) ياشانغانلار ئۇچراپ قالغان ئەھۋالدا چوقۇم ياشلار ياشانغانلارغا ئاۋۋال قولىنى كۆكسىگە قويۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدىغان، ياشانغانلار «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالام قايتۇرغاندىن كېيىن ياشانغانلارنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتەك ئادەتلەر ساقلانغان. بۇ، ياشانغانلارغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بىرەر ئىش سەۋەبلىك ئۇزاق مەزگىل كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر ئۇچراشقان چاغدا سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن قۇچاقلىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشىدۇ. ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ياكى دوست ـ بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدا، بىرەرسىنى سەپەرگە ئۇزىتىش ياكى سەپەردىن كۈتۈۋېلىشقا توغرا كەلسە، يەنىلا يۇقىرىقىدەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. بۇمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ياخشى ئەنئەنىنىڭ بىرى.

2. ئاياللارنىڭ سالاملىشىشى

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭمۇ ياخشى ئەنئەنىۋى سالاملىشىش ئادەتلىرى بار. ئومۇمەن، ئاياللار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىنى كۆكرەك ئۈستىدىن ئالماشتۇرۇپ، بېشىنى ۋە بېلىنى يەڭگىل ئېگىپ ئېھتىرام بىلەن «ئەسسالام» دەپ سالام بېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ سول مەڭزىگە، كىچىك قىز بولسا پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ. بۇمۇ سالاملىشىشنىڭ بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

تويى بولۇپ بىر ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن قىزچاق ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلا ـ ئاراملارنى بىرەر قۇر سۈپۈرۈپ، يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قېينانا ـ قېيناتىلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ «ئەسسالام» دەپ سالام بېرىپ ئامان ـ ئېسەنلىك سورايدۇ. قېينانا بىلەن قېيناتىمۇ سالامغا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا ئۇيغۇرلار چاقىرىلغان ئەر ـ ئايال مېھمانلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيدە كۈتىدۇ. ئەرلەر ئەرلەرنى كۈتىدۇ، ئاياللار ئاياللارنى كۈتىدۇ. بەزى مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئەر ـ ئايال بىللە ئولتۇرىدىغان ئەھۋالمۇ بار (لېكىن ئاز ساندا)، بىر ئۆيدە توپلىشىپ ئولتۇرغان ئاياللار ئارىسىغا يېڭىدىن بىر مېھمان كىرسە، ھەممە ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ، بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ.

توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملاردا بولسا سالاملىشىش بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئەۋجىگە چىقىدۇ.

سالاملىشىش بىزدىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھېسابلانغاچقا، ھەر بىرىمىزدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى قوغداش ئېڭى بولۇشى كېرەك.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ يادروسى، مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئايرىلغان مىللەت تۇپراقتىن ئايرىلغان گىياھقا، مەنبەدىن ئايرىلغان ئېقىنغا ئوخشاپ قالىدۇ.

(ئاپتور: تەگرىتاغ رايونلۇق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆگىنىش مېنىڭ بارلىقىم

ۋاڭ مېڭ



ئۆگىنىش مېنىڭ هاياتىم، ئۆگىنىش مېنىڭ جېنىم، ئۆگىنىش مېنىڭ مەنىۋى ئىلاھىم، ئۆگىنىش مېنىڭ تەلپۈنۈشۈم، مېنىڭ بۇرچۇم، مېنىڭ كۈرىشىم، ئۆگىنىش مېنىڭ خۇشاللىقىم، مېنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىم، مېنىڭ ئەقلىي گىمناستىكام، ئۆگىنىش مېنىڭ مەڭگۈ تەشەببۇسكارلىقىم، پائالىيەتچانلىقىم، مېنىڭ يېڭىلمەس كاپالىتىم.

ئۆگىنىش مېنىڭ مۇدھىش، رەزىللىكلەرگە قارشى تۇرۇشتىكى كۆرۈنمەس قالقىنىم، خۇددى بىراۋ سېنىڭ ئىدىيەڭنى تارتىۋالالمىغاندەك سەندىن ئۆگىنىشىنىمۇ تارتىۋالالمايدۇ. ئۆگىنىش مېنى خۇددى بىسى يانماس پولات شەمشەردەك كۈچلۈك قىلىپ چېنىقتۇردى. سەن جىسمانىي جەھەتتە ماڭا قارا چاپلاپ تۆھمەت قىلىپ، ئەركىمنى تارتىۋېلىپ، مېنى كونترول قىلىۋالالىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما خىيالىمدا تاڭ، سۇك نەزمىلىرىنى ۋە ئىنگلىزچە ئىستونلارنى (14 مىسرالىق شېئىر)نى يادلەشمنى چەكلىيەلمەيسەن، ھەر ۋاقىت چەت ئەلچە خام سۆزلەرنى تەكرار قىلىشىمنى توسۇپ قالالمايسەن، مېنىڭ تەپەككۇر قىلىش، ئەسلەش، تەھلىل قىلىش، كۆزىتىشلىرىمنى مەندىن تارتىۋالالمايسەن، ھەتتا بىر ھاماقەتنىڭ ئۆزۈمنىڭ راست دەپ قالايمىقان جۆيلۈپ، زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن كاسىلداپ سۆزلەشلىرىنى ئاڭلىشىمغا چاڭ سالالمايسەن. ئۆز نۆۋىتىدە بۇمۇ ئىنسان تەبىئىتى ئۈستىدە بىر خىل ئىزدىنىش ۋە ئەسلەش، كىشىلىك ھايات تەجرىبىسىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈش، شۇنداقلا بىر خىل ئۆگىنىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرەر ئەبلەخ سېنى ئۆگىنىشكە رۇخسەت قىلمىغاندا، ئۇ سېنى تولىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان يامان سۈپەتلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش كومېدىيىسى بىلەن تەمىنلەپ، ساڭا سەن ئۇزاقتىن يېشەلمەي كېلىۋاتقان، ئادەملەرنىڭ نەقەدەر ھاماقەت، نەقەدەر ناچار كېلىدىغانلىقى ۋە ئاشۇ ھاماقەتلەر بىلەن ناچار ئادەملەرنىڭ بىر مەھەل ھوقۇق تۇتسا قانداق كۈلكىلىك ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، سەنمۇ ئاشۇ ناكەسلەر بىلەن ھاماقەتلەرنىڭ پىسخىكىسىنى، مۇددىئا - مەقسەتلىرىنى چۈشىنىپ

قويۇشۇڭ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گېپىنىلا يورغىلىتىدىغان، ئاشۇنداق ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىشىڭ، ئۇلارنى ئەيىنەك قىلىشىڭ، ئۇلاردىن ھوشيار بولۇشۇڭ، ساۋاق ئېلىشىڭ كېرەك. سەن يامانلارنى كۆرگەندە كەچكىچە ئۇلارنىڭ يامان تەرەپلىرىنىلا ئويلاشماي، ئۆز – ئۆزۈڭدىن، ناۋادا مەندىمۇ ئاشۇنىڭدەك ئەھۋالدا بولغان بولسام، ئاشۇنداق ئىشلارنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ناچار، ھاماقەتلىك ئىشلارنى قىلار بولغىيمىدىم دەپ سوراپ تۇرۇشۇڭ، كىشىلەرنىڭ سەندىن پايدىلىنىپ كېتىشىدە ئۆزۈڭ شۇنداق سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغانمۇ، يوچۇقلارنى قالدۇرغانمۇ – يوق، بۇ توغرىسىدا ئۆزۈڭنى ھەر ۋاقىت سوراققا تارتىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك.

ئۆگىنىش مېنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن كېلىشىشىم، ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلىشىشىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلىشىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۆگىنىش ئارقىلىق رېئال شارائىتلاردىكى ھەر بىر مۇمكىنچىلىكلەرنى بايقاشنى ۋە قەدىرلەشنى بىلدىم، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، بۇ دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم، بۇ خۇددى سىنىپۇزنىڭ يىغلىماي ۋە كۈلمەي تۇرۇپ دۇنيانى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، دېگىنىگە ئوخشايدۇ. ئۆگىنىش ماڭا ھەرقانداق شارائىتلاردا تۇرمۇشۇمنىڭ ئاراچىلىرىنى تولۇقلاشقا، مېنى يۇقىرى ئۆرلەشكە، ئەھمىيەتلىك ياشاشقا، بۇ ئارقىلىق يىللارنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئۈمىدسىزلىك، ئازاب ۋە ئۈھسىنىشلاردىن قۇتۇلدۇردى.

ئۆگىنىش مېنى ئۈمىدۋار قىلدى. ئۆگىنىش مېنى ھەمىشە ھاسلاتقا ئىگە قىلدى. ئۆگىنىش مېنى قايغۇدىن، ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇردى. مېنى كەمتەر قىلدى، مېنى ھەر ۋاقىت قايتا ئويلىنىشقا، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىزگىنلەشكە ئۈندىدى. ماڭا «ئۆگەنگەنسېرى بىلىدىغانلىرىمنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكى»نى ھېس قىلدۇردى. ناۋادا ئۆگىنىش جەھەتتە ھەركىم ئۆزىنى كەم – كۈتىسىز، مۇكەممەل دەپ قارايدىغان بولسا، ئۆگىنىشنىڭ زورۇرلۇكى بىلەن مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارغان بولىدۇ. ئۆگىنىش مېنى



www.uyghurkitap.com



ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن، ماختانچاقلىقتىن، قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈۋېلىپ ئالەم دېگەن مانا شۇ دەيدىغان خاھىشلاردىن نېرى قىلدى. ئۆگىنىش مېنىڭ ئىنسان تەبىئىتى، ئەقىل ـ پاراسەت، مەدەنىيەت، مەدەنىيلىك ۋە ئىلىم ـ پەن، شۇنداقلا جانلىق تۇرمۇشقا بولغان ھۆرمىتىم ۋە تەلپۈنۈشىمنى ئىپادىلىدى. بۈگۈنگە كەلگىچە بىزنىڭ ئالغان بىلىملىرىمىز تولىمۇ چەكلىك بولدى. بىزنىڭ ئىدراكىمىز ھەمىشە مۇشكۈل ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قالدى. ئۆزۈمنىڭكىلا توغرا دەپ بىلىدىغان ئەقىل ـ پاراسىتىمىز بەزىدە بىزنى خاتا يېتەكلىدى، ھەتتا ئۆزىمىزنى ئالدىدى. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئادەمنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان تەرەپلەر تولۇپ تۇرۇپتۇ. ھالبۇكى، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيلىكتىن، ئىدراكتىن، كىشىلىك ھاياتتىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز، بەلكى قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىن، ئىنسانلارنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىدىن، ھەرخىل جانلىق ھايات مەنزىللىرىدىن، كىشىلىك ھايات ھەقىقەتلىرىدىن، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ھەقىقەتنى، گۈزەللىك بىلەن پاكلىق مەنزىللىرىنى تېپىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىمىز كېرەك.

تېببىي ئىلىمنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەلۋەتتە نۆۋەتتىكى تېببىي ئىلىم كەم ـ كۈتىسىز، ھەممىگە قادىر بولۇشتىن خېلىلا يىراق، ئەمما مەن ھازىرقى تېببىي ئىلىمدىنمۇ ياخشىراق كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تاپالمىدىم. دوختۇرنىڭ گېپىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىشكىمۇ، پۈتۈنلەي ئىشەنمەسلىككىمۇ بولمايدۇ، دېگەن گەپلەرنى قىلىش ناھايىتى ئاسان. بىراق نېمىگە ئىشىنىش، نېمىگە ئىشەنمەسلىك كېرەك؟ پۇرسەت كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ئامىتىمىزنى سىناپ بېقىشىمىز كېرەكمۇ؟ ياكى دوختۇرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي ئۆزۈڭنىڭ ھەممىگە ئىشەنمەسلىك لوگىكاڭدا چىڭ تۇرامسەن؟ بولدى، بەس! سېنىڭ ھاماقەتلەرچە جۆيلۈشۈڭنى ئاڭلىغاندىن كۆرە دوختۇرنىڭ گېپىگىلا ئىشىنەي! ئىلىم ـ پەنمۇ شۇنداق. نادانلىق بىلەن خۇراپاتلىق يامراپ كەتكەن دۆلەتتە، ئىلىم ـ پەننىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ ھاللاردا تېببىي ئىلىم ۋە پەندىن خەۋەرسىز، قارا قورساقلاردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغان ئاتالمىش ئادىمىيەت زىيالىيلىرىدۇر. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ ئۆكۈنىمەن. ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانسام، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن، تېببىي ئىلىمنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بويىچە ئۆلچەيدىغان بولسام، يەنىلا زور كۆپچىلىك كىشىلەر تېببىي ئىلىم ۋە ئىلىم ـ پەندىن خەۋەرسىزلەر توپىغا كىرىسىمۇ ئەمما مەن ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيىسىدىمەن!

ئۆگىنىش مېنى ھالقىتتى، مېنى قۇتۇلدۇردى. ئۆگىنىش ماڭا ھەر ۋاقىت مەغلۇپ بولۇش، غەلىبە قىلىشلارغا دىققەت قىلىشنى ئۆگەتتى. مەن ئۆگىنىشنى بىر پۇرسەت، ئۇزاق جەريانلاردىكى بىر ئاچقۇچ دەپ بىلىپ، ھەر بىر ئىشقا، ھەر بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە سوراپ (ئۆز ـ ئۆزۈمدىن)، ئۆگىنىپ، ئېگىزگە چىقىپ يىراققا نەزەر سېلىش، تەمكىن ۋە جاسارەتلىك بولۇش تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈم، ئەگىر ـ توقايلىق ئىچىدىن نۇرلۇق دۇنياغا يۈزلەنگەندىكى خۇشاللىققا ئېرىشتىم.

ئۆگىنىش كىشىگە تېخىمۇ ساغلام پوزىتسىيە ۋە تەدبىر ئاتا قىلىدۇ. تەنقىد دېگەن ساغلام تەنقىد بولۇپ، ھەرگىز چوڭ سۆزلەپ ئادەم ئالداش ئەمەس. ئازاب دېگەن ئورۇنلۇق ئازاب بولۇپ، ھەرگىز زەھەر چەككەندىن كېيىنكى ئىنكاس ئەمەس. ئىلھاملاندۇرۇش دېگەن ساغلام ئىلھاملاندۇرۇش بولۇپ، ھەرگىز لاپ ئېيتىش ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت ئادەمنى سەگىتىدىغان مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، ھەرگىز ساختىلىق بىلەن ئەمەل تۇتۇش ئەمەس! ھايات دېگەن يارقىن، سەپەر دېگەن پارلاق بولىدۇ. ھەرگىز بىمەززە، غوۋا، غەيۋەت ـ شىكايەت بىلەن تولغان، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تەسكەي كاتاڭلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈش ئەمەس. ئۆگىنىش مېنى ئەقىل ـ پاراسەتكە، يورۇقلۇققا نائىل قىلدى. گەرچە مەن بۇلارغا بىر يولىلا ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، ھېچ بولمىدى دېگەندە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن يورۇقلۇقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم ۋە ئۇنى ھېس قىلدىم!

(ۋاڭ مېڭنىڭ «مېنىڭ ھايات پەلسەپەم» دېگەن كىتابىدىن)

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى

2007.5



# ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى

ئۆمەرجان سىدىق

دۇنيادىكى ھۈنەر كەسپلەرنىڭ ئىچىدە ياغاچچىلىقنىڭ تارىخىنى ئەڭ ئۇزۇن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، يەرشارى شەكىللەنگەن ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە پۈتكۈل كائىناتنى سۇ ۋە ئورمان، ئوتلاقلار ئىگىلىگەن بولۇپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھەر خىل جانلىقلار، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار ئاپىرىدە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريان ئۆتۈپ ئاندىن كېيىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار پەيدا بولغان. ئىنسانلار پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئورمان، دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئەجدادلىرىمىز ئويۇپ ـ سوقۇپ ياسىغان تاش قوراللار (كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار) ۋە تاياق ـ توقماقلارغا تايىنىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇنىڭدىن 6000 ـ 8000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان، رايونىمىزدىكى 50كە يېقىن ناھىيە ۋە تاغ ـ يايلاقلاردىكى 70 تىن كۆپرەك ئورۇندىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كالتەك ـ توقماقلارنى كۆتۈرۈپ ھايۋانلارنى ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ئېنىق تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، ئۇلار دەرەخ شاخلىرىدىن، يامغۇردىن، شامال ـ بوران ۋە ئاپتاپتىن پاناھلىنىدىغان كەپىلەرنى، ياغاچ پىچاق، ھايۋانلارنى ئوۋلايدىغان ياغاچ كالتەك قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغان. مانا بۇلار ياغاچچىلىقنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرى بولۇپ، ئەتراپىدا كۆلىمى ئەڭ كۆپ بولغان، دەل ـ دەرەخ، ياغاچلار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ھاياتلىق ۋاستىسىگە، تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى قورالغا ئايلانغان. ئۇلار ياغاچتىن ھەر خىل ئوۋ قوراللىرىنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش جەريانىدا ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى بارا ـ بارا مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان.

«قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى تەمىنلىگەن پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ

www.uyghurkitap.com



سەنئەتى تاش قوراللاردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ھەم بادرا، دەرەخ قوۋزاقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ساتما ئۆيلەرنى ياساشتىن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كۆپلىگەن ئويۇش، قىرىش ئەسۋابلىرى (تۆمۈر ۋە مىس قاتارلىقلاردىن ياسالغان) ئىجاد قىلىنىپ، ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان».

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياغاچتىن پايدىلانغانلىقى ھەققىدىكى دەسلەپكى يازما مەنبە ھازىرچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» بولۇپ، ئۇنىڭدا ياغاچتىن پايدىلىنىشنىڭ دەسلەپكى ئۆرنەكلىرى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ... ئاشۇ ياغاچلارنى كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئېتىل دەرياسىدىن ئۆتتى». «ئوغۇز خاقانىنىڭ لەشكىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىلىگ ئىدى. بۇ چېۋەر ئادەم بىر ئېگىز ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ئۈستىگە جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلىدى. ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىيمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزدى. نۆكەرلەر، ئەل ـ جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىدى. ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا ‹قاڭغا ـ قاڭغا› دېگەن ئاۋاز چىقاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ‹قاڭغا› دەپ ئات قويدى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ياغاچ ئىنتايىن مۇھىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن سەنئەت نەمۇنىلىرىگە قارايدىغان بولساق، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. تارىم ۋادىسىدىكىلەر قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنى سىڭدۈرۈپ ئىجاد قىلىپ كەلگەن قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارمۇ باشقا بۇيۇملارغا ئوخشاشلا سىپتا ئىشلەنگەن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ياغاچتىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياساش كەڭ تۈردە ئەۋج ئېلىشقا باشلاپ، كەسپلىشىشكە يۈزلەنگەن»، «بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى قومۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان ھارۋا چاقى، ياغاچ چېلەك، ياغاچ پەتنۇس، شۇنىڭدەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى جىنسقا تېۋىنىش ئادىتىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان ياغاچ قونچاق قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئاز دېگەندىمۇ 3200 يىللار بۇرۇن ياغاچ ئويمىچىلىق مەدەنىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ياغاچتىن نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارنى ياساپ، ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغانلىقىنى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ». تۇرپان رايونىدىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيى، يارغول، سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق ئورۇنلاردىن نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قىرىپ ياسالغان ھاسا، ياغاچ چازا، ياغاچ دەستەك، ياغاچ تەخسە، چۆچەك، ياغاچ سىرغا، ياغاچ كورە، دۇشە، ئارغامچا توقۇنىكى، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ سوغا، بىر نەچچە تال ياغاچ مەتبەئە ھەرپى، كالا قوشۇلغان ياغاچ ھارۋا قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن ئەينى يىللاردا خەلقىمىزدە ياغاچچىلىقنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ياغاچچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ياغاچتىن مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساپ، نەشر، مەتبەئەچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن كىتاب، ۋەسىقىلەرنى يېزىپ، بېسىپ قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن باشلاپ بارا ـ بارا ئورمانلىقلاردىن چىقىپ، تاغ ئېدىرلىقلىرىدىكى تەبىئىي ئۆڭكۈر ۋە كېمىرلەردە ياشىغان. كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆڭكۈر ئىچىنى رەتلەش، تۈزلەش، تاش پالتىلاردىن پايدىلىنىپ، دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ ئۆي ياساپ، تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىناكارلىق ئۇقۇمى مەيدانغا

كەلگەن. خەلقىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىللەردە ياغاچتىن ياسالغان چېدىر ئۆيلەردە تۇرۇپ، ئاياق تەخسە، قوشۇق، كات قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملارنى ئىشلىتىپ، سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن. دېمەك، ياغاچچىلىقنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان چەمبەرچاس مۇناسىۋىتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

دېمەك، ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۇرتىمىزدا تەخمىنەن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى، يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئىپتىدائىي بىناكارلىق مەيدانغا كەلگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىلى 4 ـ سانىدىكى «تاشقورغان ناھىيە جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىدىكى بايانلار بىلەن تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى ھېسابلانغان لوپنۇر ناھىيىسى، قومۇلنىڭ تارانچى قاتارلىق جايلىرىدىكى ئىپتىدائىي كەنت ئىزلىرىدىن تېپىلغان «بىناكارلىق» ئىزلىرى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. يازما تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن 5 ـ ئەسىرلەرگىچە يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېپىل سوقۇپ، بالىغ ـ قەلئە ياساش بارلىققا كەلگەن. شەھەر ـ قەلئە ياساش ئىشلىرىدا ياغاچچىلىق، بىناكارلىق ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ، بۇ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

كېيىن خەلقىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق تارىخى بىلەن خوشلىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپلىگەن شەھەر ـ خانىقالارنى قۇرغان. بۇددا دىنىنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇ جەرياندا ياغاچچىلىق كەسپى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرنى كۈتۈۋالغان. تېرىقچىلىقتا، قاتناش توشۇمچىلىق ئىشلىرىدا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ياغاچچىلىقنىڭ ئەڭ نەپىس ئۈلگىلىرىدىن ياسالغان بۇيۇملار ئىشلىتىلىش بىلەن بىرگە، ئولتۇراق ئۆي، مەسچىت، خانىقالار، مەدرىس، مەقبەرىلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياغاچچىلىق بىلەن نامايان بولغان. بولۇپمۇ ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدىكى ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ پۇختىلىقى، نەقىشلەرنىڭ نەپىسلىكى، كۆركەملىكى جاھان ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، بۇ قۇرۇلۇشلارنى مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئابىدىگە ئايلاندۇرغان.

مانا ھازىر پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، ئاپئاق غوجا مازىرى، مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى، تۇرپاندىكى سۇلايمان غوجا مۇنارى، قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىكى خانىقا، مەسچىتلەر، بىر قىسىم گۈمبەزلەر ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۆركەم نەپىسلىكى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستىنى، ياغاچچىلىقتا ئوخشاش قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك مىسالىدىكى تەڭداشسىز ئۇستىكارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

تارىختىن بۇيان تۇرمۇشىمىز ياغاچچىلىقتىن، ياغاچ بۇيۇملاردىن ئايرىلماي كەلگەن. ياغاچچىلىقنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، گەرچە ھەممىسىدە ياغاچ ماتېرىيال قىلىنىدىغان، ياغاچچىلىق ئاساسىي لىنىيە بولىدىغان بولسىمۇ، ھەر بىر تۈر ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ، ئىش ھالقىسىنىڭ، مەھسۇلاتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ مۇستەقىل كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ياغاچچىلىقنىڭ تۈرلىرى بولغان قىرغۇچىلىق، ساندۇقچىلىق، بۆشۈكچىلىك، قوشۇقچىلىق، ئويمىچىلىق، چالغۇ ـ ئەسۋاب ياساش قاتارلىق كەسىپلەر ئاجايىپ نەپىس ـ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى فولكلور دۇردانىلىرىگە ئايلانغان.

ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى كىچىكىدىن باشلاپلا، قويۇق ياغاچ ئەسۋابلار مۇھىتىدا چوڭ بولىدۇ، ياغاچچىلىقنىڭ ئاددىي ساۋاتلىرى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئائىلىلەردىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىشىك، دېرىزە، تەخسە، ساندۇق، بۆشۈك، قوشۇق، كاردىۋات، كات، ئورۇندۇق، ئىشكاپ، شىرە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ھارۋا، كۆرە، ئارا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ئىشلەنگەن بولۇپ، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر بىر ئىش ھالقىمىز ياغاچ ئەسۋابلار

بىلەن، ياغاچچىلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولدۇ. ياغاچسىز تۇرمۇشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر بىر ئائىلىدە دېگۇدەك بىرەردىن كەكە، بولقا، ھەرە قاتارلىق سايمانلار بولىدۇ. كىشىلەر كەتمەن، گۈرجەكلەرنى ساپلاش، ئاددىي ئورۇندۇق، جاھازىلارنى ياساش قاتارلىق دەسلەپكى مەشغۇلاتلارنى ئۆزلىرى ئورۇندايدۇ. باللارمۇ قىش كۈنلىرى، نۇر، چانا، ۋاللەي كالتىكى ياساش، ياز كۈنلىرى شال پارچىلىرىدىن كىچىك ئويۇنچۇق، ئورۇندۇقلارنى ياساش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ ئۆگىنىدۇ. دېمەك، ياغاچچىلىق ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەڭ يېقىن، ئەڭ تونۇشلۇق، ئەڭ ئاددىي ھۈنەر ـ كەسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ياغاچچىلىقنى ئاسان ئۆگىنىۋالالايدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە مېتال ۋە باشقا تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن يېڭىدىن يېڭى مەھسۇلاتلار مەيدانغا كېلىپ، ياغاچ مەھسۇلاتلارغا روشەن خىرىس ئېلىپ كەلدى. ياغاچچىلىقمۇ بىر مەزگىل ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى. لېكىن، كىشىلەر تەرەققىياتنىڭ ھاسىلاتلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە تويۇنغان ھەم تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن سەلبىي ئامىللارنىمۇ ھېس قىلغاندىن كېيىن قايتىدىن ئەنئەنىلەرگە يۈزلىنىپ، ئۆزلۈك ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر نەزەرىنى ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە، ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ كەسىپ، تۇرمۇش شەكلى، قەدىمكى بۇيۇم، مەھسۇلاتلارغا تىكىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ قايتا گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. مانا ھازىر قاراپ باقساق ياغاچچىلىققا ئوخشاش ھۈنەر ـ كەسىپلەر قايتىدىن جانلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

بىز دائىم تېلېۋىزور ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردىن چەت ئەللەردە دۇب، شەمشاد، كامفورا، چىنار، قارىغاي ياغاچلىرىدىن ياسالغان ئېسىل ئۆي جاھازىلىرىنى، شىرە، ئورۇندۇقلارنى، پىئانىنو قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، بۇ بۇيۇملارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، پېتىدىن چۈشمەي، يەنە شۇ ئەسلىي ئېسىلزادىلىكى، كۆركەم، نەپىسلىكى بىلەن تۇرغانلىقىنى، بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش بازارلىرىدا يۈز مىڭلاپ، مىليونلاپ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ئاشۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەر يېڭى پەيدا بولغان مېتال تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارغا قارىغاندا ياغاچ بۇيۇملارنىڭ تەبىئىيلىكىنى، ھەقىقىيلىكىنى، چىنلىقىنى، جىڭلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

مەيلى جەمئىيەت قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر تۇرمۇشىمىز مۇقەررەر ھالدا ياغاچتىن، ياغاچ بۇيۇملاردىن ئايرىلالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھاياتى ياغاچتىن ئايرىلمىغان ئىكەن، ياغاچچىلىق كەسپىمۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. گەرچە ھازىر تۇرمۇشىمىزدىن تەڭگنە، ياغاچ ئاياغ، ياغاچ قوشۇق قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملار سىقىپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن يەنىمۇ كۆپ بولغان ياغاچ مەھسۇلاتلار تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرمەكتە. ھازىر جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى، تەۋرىنىشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشلىرىدا ياغاچچىلىق ناھايىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يېزىلاردا يەنە ياغاچ پېشايۋانلىق، ياغاچ ئايۋانچىلىق، كۆركەم دەرۋازىلىق ئۆيلەرنى سېلىش، ياغاچ كارىۋات، ياغاچتىن ياسىلىدىغان ئۈزۈم قورۇتۇش جاھازىسى، ھەر خىل ياغاچ ئۆي سايمانلىرى ياساش ئەۋج ئالماقتا. شەھەرلەردە بولسا، ھەر خىل ياغاچ مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆي بېزەش مودىغا ئايلانماقتا. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياغاچ بۇيۇملار ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى، زىيانسىزلىقى، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى، كۆركەملىكى، چوڭ سۈپەتلىكلىكى، پۇختىلىقى، نەپىسلىكى، ھۈنەر ـ سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مەڭگۈ ئالقىشقا ئېرىشىدۇ ۋە ئېرىشمەكتە. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن خەلقىمىز ياغاچ ماتېرىياللىرىغا قايتىدىن يۈزلىنىپ، ياغاچچىلىقنى يېڭى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئابلىز مۇھەممەد سايرامى تۈزگەن «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

2. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن: «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەتمىزگە نەزەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى.

(ئاپتور: «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

2007.5

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە تۇنجى تۈركۈمدە كىرگەن تۈرلەر ۋە ئۇنى قوغداشقا مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى



1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (جەمئىي 13 تۈر)

| رەت نومۇرى | رەت تەرتىپى | نامى | يوللىغان ئورۇن ۋە ئىدارە | قوغداشقا مەسئۇل ئورۇن |
|---|---|---|---|---|
| 1 | I- 1 | ماناس | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى «ماناس»نى قوغداش مەركىزى |
| 2 | | | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 3 | I- 2 | جاڭغىر | تارباغاتاي ۋىلايىتى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | قوبۇقسار ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 4 | | | بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى |
| 5 | | | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى |
| 6 | | | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 7 | I- 3 | گېسىر (گېسار) | شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 8 | I- 4 | ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 9 | | | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 10 | I- 5 | قازاق خەلق داستانلىرى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىياتى سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 11 | | | ئالتاي ۋىلايىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 12 | | | تارباغاتاي ۋىلايىتى ساۋەن ناھىيىسى | ساۋەن ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 13 | I- 6 | قىرغىز خەلق داستانلىرى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 14 | I- 7 | شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ تۆۋىللىرى (داستانلىرى) | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 15 | I- 8 | پامىر قىرغىزلىرى ئۆلەڭلىرى | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى |
| 16 | | | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسى | ئاقتۇ ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 17 | I- 9 | شىنجاڭنىڭ خەنزۇ تىلى شۆيسى | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئۈرۈمچى شەھىرى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى |
| 18 | I- 10 | شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ مەرسىيىلىرى (قەسىدىلىرى) | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى باغراش ناھىيىسى | باغراش ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 19 | I- 11 | باركۆل خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرى | قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 20 | I- 12 | گۇچۇڭ قوشاقلىرى | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى گۇچۇڭ ناھىيىسى | گۇچۇڭ ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 21 | I- 13 | ئۇما ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ۋە رىۋايەتلەر | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى فۇكاڭ شەھىرى | فۇكاڭ شەھىرى مەدەنىيەت يۇرتى |

www.uyghurkitap.com



2. خەلق مۇزىكىلىرى (جەمئىي 25 تۈر)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 22 | II- 1 | شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى (ئۇيغۇر مۇقاملىرى) | | شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى (12 مۇقام، تۇرپان مۇقامى، قومۇل مۇقامى، دولان مۇقامى) |
| 23 | | | | قەشقەر ۋىلايىتى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى (12 مۇقام، دولان مۇقامى) |
| 24 | | | | ئاقسۇ ۋىلايىتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ئورنى (12 مۇقام، دولان مۇقامى) |
| 25 | | | | خوتەن ۋىلايىتى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى (12 مۇقام) |
| 26 | | | شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى | غۇلجا ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى (12 مۇقام) |
| | | | | غۇلجا ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى (12 مۇقام) |
| 27 | | | تۇرپان ۋىلايىتى، پىچان ناھىيىسى | پىچان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى (تۇرپان مۇقامى) |
| 28 | | | تۇرپان ۋىلايىتى، توقسۇن ناھىيىسى | توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى (تۇرپان مۇقامى) |
| 29 | | | قومۇل ۋىلايىتى | قومۇل ۋىلايىتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى (قومۇل مۇقامى) |
| 30 | | | قەشقەر ۋىلايەتلىك مەكىت ناھىيىسى | مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى (دولان مۇقامى) |
| 31 | | | قەشقەر ۋىلايەتلىك مارالبېشى ناھىيىسى | مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى (دولان مۇقامى) |
| 32 | | | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى | ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى (دولان مۇقامى) |
| 33 | II- 2 | ئۇيغۇر ناغرا سۇنايلىرى | شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى | شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى |
| 34 | II- 3 | ئۇيغۇرلارنىڭ قاغىلىق سەنىمى | قەشقەر ۋىلايەتلىك قاغىلىق ناھىيىسى | قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 35 | II- 4 | ئۇيغۇرلارنىڭ قومۇل قارا دۆۋە سەنىمى | قومۇل ۋىلايىتى | قومۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى |
| 36 | II- 5 | ئۇيغۇرلارنىڭ چاقىلىق سەنىمى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق چاقىلىق ناھىيىسى | چاقىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 37 | II- 6 | ئۇيغۇرلارنىڭ كاچۇڭ سەنىمى | قەشقەر ۋىلايەتلىك يەكەن ناھىيىسى | يەكەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 38 | II- 7 | قومۇل ئۇيغۇرلىرى غېجەكى | قومۇل ۋىلايىتى قومۇل شەھىرى | قومۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى |
| 39 | II- 8 | كۇچا خەلق ناخشىلىرى | ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيىسى | كۇچا ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 40 | II- 9 | ئۇيغۇرلارنىڭ دولان راۋىبى | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى | ئاۋات ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 41 | II- 10 | لۈكچۈن ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللار | تۇرپان ۋىلايىتى، پىچان ناھىيىسى | پىچان ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 42 | II- 11 | لوپنۇر خەلق ناخشىلىرى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيىسى | لوپنۇر ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 43 | II- 21 | قاراقۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى | قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسى | قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 44 | II- 31 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئاراج راۋاب سەنئىتى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چەرچەن ناھىيىسى | چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 45 | II- 41 | قازاق مىللىتىنىڭ دۇمبىراسى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت سەنئەت تەتقىقات ئورنى |
| 46 | II- 15 | قازاق مىللىتى 62 قوڭىر | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى |
| 47 | II- 16 | قازاق مىللىتىنىڭ تىرمىي | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت سەنئەت تەتقىقات ئورنى |
| 48 | II- 17 | قازاق مىللىتىنىڭ سىبىزغاسى | تارباغاتاي ۋىلايىتى ساۋەن ناھىيىسى | تارباغاتاي ۋىلايىتى ساۋەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 49 | II- 18 | موڭغۇللارنىڭ ئۇرت ناخشىسى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى |
| 50 | II- 19 | موڭغۇللارنىڭ توبىشۇر مۇزىكىسى | تارباغاتاي ۋىلايىتى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 51 | | | تارباغاتاي ۋىلايىتى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 52 | | | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى باغراش ناھىيىسى | باغراش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 53 | II- 20 | موڭغۇللارنىڭ چۆر مۇزىكىسى | ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھىرى | ئالتاي شەھىرى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 54 | II- 21 | موڭغۇللارنىڭ خۆمە ئاھاڭى | ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھىرى | ئالتاي شەھىرى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 55 | II- 22 | شىنجاڭ خۇائىر | ئۈرۈمچى سانجى مچۈەن ـ دۇڭگــەن يېڭى رايونى | مچۈەن شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 56 | | | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 57 | II- 23 | قىرغىز مىللىتىنىڭ قـوْمـۇز سەنئىتى | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقـچى ناھىيىسى | ئاقچى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 58 | | | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇـلۇغچات ناھىيىسى | ئۇلۇغچات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 59 | | | | |
| 60 | II- 24 | شىبە مىللىتىنىڭ شامان ئۇسـ | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 61 | II- 25 | ـۇل ـ مۇزىكىلىرى | | |
| 3. خەلق ئۇسۇلى (جەمئى 9 تۈر) | | | | |
| 62 | III - 1 | تاجىك مىللىتىنىڭ بۈركـۈت ئۇسـۇلى | قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپـتونوم ناھىيىسى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 63 | III - 2 | ئۇيغۇرلارنىڭ ساماۋەر ئۇسـۇلى | ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيىسى | كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 64 | III - 3 | قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاپۇانلارغا تەقلىد قىلىنغان ئۇسۇلى (توخۇ ئۇسـۇلى، ئات ئۇسـۇلى، تۆگە ئۇسـۇلى) | قومۇل ۋىلايىتى | قومۇل ۋىلايىتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى |
| 65 | III - 4 | ئۇيغۇرلارنىڭ پىرە ئۇسـۇلى | قومۇل ۋىلايىتى | قومۇل ۋىلايىتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى |
| 66 | | | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 67 | III - 5 | لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاماق ئېتىش ئۇسـۇلى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيىسى | لوپنۇر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 68 | III - 6 | لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىـر ئۇسـۇلى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى لوپنۇر ناھىيىسى | لوپنۇر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 69 | III - 7 | قازاق مىللىتىنـىڭ ئـېيـىق ئۇسـۇلى | ئالتاي ۋىلايىتى جىمنەي ناھىيىسى | جىمنەي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 70 | | | قومۇل ۋىلايىتى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 71 | III - 8 | موڭغۇللارنـىڭ ساۋۇردىڭ ئۇسـۇلى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيىسى | خېجىڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 72 | III - 9 | بىلون ئۇسـۇلى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 4. ئەلنەغمە (جەمئى 4 تۈر) | | | | |
| 73 | V - 1 | شىنجاڭ ناخشىسى (شىنجاڭ چۈزىسى) | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ناخشا تىياتىر ئۆمىكى |
| 74 | | | قومۇل ۋىلايىتى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 75 | V - 2 | قازاق مىللىتىنىڭ ئېيتىشىشى قازاق مىللىتىدىكى «ئايتىس» | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مەدەنىيەت سەنئەت تەتقىقات ئورنى |
| 76 | V - 3 | شىبەلەرنىڭ خەن دۇچۈنى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 77 | | | | |
| 78 | V- 4 | جۇلۇن خۇلەنبى بىلەن گىلىڭ بىشىن | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 79 | | | | |

MIRAS

5. سىرىك ۋە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 80 | VI－ 1 | ئۇيغۇر دارۋازچىلىقى | شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى | شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى |
| 81 | VI－ 2 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغلاق تارتىش ئويۇنى | قەشقەر ۋىلايىتى مارالبېشى ناھىيىسى | مارالبېشى ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 82 | VI－ 3 | تاجىك مىللىتىنىڭ ئات تويى (ئويۇنى)؟ | قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 83 | VI－ 4 | شىنجاڭ پاگى (شاھاتىنىڭ بىر تۈرى) | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى |

6. خەلق گۈزەل سەنئىتى (جەمئىي 1 تۈر)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 84 | VII－ 1 | شىنجاڭدىكى قازاق مىللىتىنىڭ گۈل نەقىشلەش مەدەنىيىتى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مەدەنىيەت سەنئەت تەتقىقات ئورنى |

7. ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت (31 تۈر)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 85 | VIII－ 1 | ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر سەنئىتى | قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسى | يېڭىسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 86 | | | قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شەھىرى | قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 87 | | | تۇرپان ۋىلايىتى | |
| 88 | | | قەشقەر ۋىلايىتى پەيزاۋات ناھىيىسى | پەيزاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 89 | VIII－ 2 | ئۇيغۇرلارنىڭ تىكمە كىگىزچىلىكى | تۇرپان ۋىلايىتى | چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 90 | | | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى چەرچەن ناھىيىسى | |
| 91 | VIII－ 3 | ئۇيغۇرلارنىڭ سەگەزچىلىك ھۈنەر سەنئىتى | تۇرپان ۋىلايىتى | يېڭىسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 92 | | | قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسى | |
| 93 | VIII－ 4 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈجمە قوۋزىقىدىن قەغەز ئىشلەش تېخنىكىسى | | |
| 94 | VIII－ 5 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاشتېشى ئويمىچىلىقى | شىنجاڭ خوتەن قاشتېشى مەدەنىيەت، سەنئەت تەتقىقات مەھكىمىسى | شىنجاڭ خوتەن قاشتېشى مەدەنىيەت سەنئەت تەتقىقات مەھكىمىسى |
| 95 | VIII－ 6 | ئۇيغۇرلارنىڭ پالاز توقۇش سەنئىتى | ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسى | باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 96 | VIII－ 7 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى پەچاق (بەكە) ياساش سەنئىتى | قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيىسى | يېڭىسار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 97 | | | ئاقسۇ ۋىلايىتى شايار ناھىيىسى | شايار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 98 | VIII－ 8 | ئۇيغۇرلارنىڭ قاراكۆل كۆپەسى تۇمىقى | ئاقسۇ ۋىلايىتى شايار ناھىيىسى | شايار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 99 | VIII－ 9 | ئاۋات ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇسەللەس ياساش تېخنىكىسى | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى | ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 100 | VIII－ 10 | كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشۇق (ياغاچ قوشۇق) ياساش سەنئىتى | ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسى | كەلپىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 101 | VIII－ 11 | ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋاب ياساش سەنئىتى | قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شەھىرى | قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 102 | | | قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى | قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 103 | | | ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيىسى | توقسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 104 | VIII－ 12 | ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى | قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل ۋىلايىتى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى |
| 105 | VIII－ 13 | كېرىيە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى | خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىسى | كېرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 106 | VIII – 14 | ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشۈق توقۇمىچىلىقى | تۇرپان ۋىلايىتى، تۇرپان شەھىرى | تۇرپان شەھىرى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 107 | VIII – 15 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى رەخت توقۇش سەنئىتى | قەشقەر ۋىلايىتى پەيزاۋات ناھىيىسى | پەيزاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 108 | VIII – 16 | ئۇيغۇرلارنىڭ چۈرۈق (ئۆتۈك) تىكىش سەنئىتى | قەشقەر ۋىلايىتى فاغىلىق ناھىيىسى | قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 109 | VIII – 17 | ئۇيغۇرلارنىڭ تۆگە يۇڭى چەكمەن رەختچىلىكى | قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسى | قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 110 | VIII – 18 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتلەس توقۇش، بوياش سەنئىتى | خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسى | لوپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 111 | VIII – 19 | ئۇيغۇر گىلەمچىلىكى | خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسى | لوپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 112 | VIII – 20 | | ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسى | كەلپىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 113 | VIII – 21 | قازاقلارنىڭ كىگىز ئۆي ياساش سەنئىتى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تارباغاتاي ۋىلايىتى ئامموۋى سەنئەت يۇرتى |
| 114 | VIII – 22 | قازاقلارنىڭ گۈللۈك كىگىز (سىرماق) تىكىش سەنئىتى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تارباغاتاي ۋىلايىتى ئامموۋى سەنئەت يۇرتى |
| 115 | VIII – 23 | شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مەدەنىيەت سەنئەت تەتقىقات ئورنى |
| 116 | VIII – 24 | موڭغۇل چېدىرى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى باغراش ناھىيىسى | باغراش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 117 | VIII – 25 | شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى باغراش ناھىيىسى | باغراش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 118 | VIII – 26 | شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ كەشتىچىلىكى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى باغراش ناھىيىسى | باغراش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 119 | VIII – 27 | قىرغىزلارنىڭ كەشتىچىلىكى | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى | ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 120 | VIII – 28 | قىرغىزلارنىڭ ئىگەر ياساش سەنئىتى | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى | ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 121 | VIII – 29 | قىرغىزلارنىڭ ئۆرمەك توقۇش سەنئىتى | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئامموۋى سەنئەت يۇرتى |
| 122 | VIII – 30 | شىنجاڭلىق روسلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي ۋە قۇرۇلۇشلىرى | تارباغاتاي ۋىلايىتى چۆچەك شەھىرى | چۆچەك شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 123<br>124 | VIII – 31 | شىبەلەرنىڭ ئوقيا ياساش تېخنىكىسى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |

**8. مىللىي ئۆرپ - ئادەت (جەمئىي 21 تۈر)**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 125 | X – 1 | شىبەلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشنى خاتىرىلەش بايرىمى | ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى |
| 126 | X – 2 | تاجىكلارنىڭ سۇباشلار ۋە تېرىقچىلىق بايرىمى | قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى |
| 127 | X – 3 | ئۇيغۇر دولان مەشرىپى | قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيىسى | مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى |
| 128 | | | قەشقەر ۋىلايىتى مارالبېشى ناھىيىسى | مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى |
| 129 | | | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى | ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارىيى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 130 | X - 4 | ئۇيغۇر كۆك مەشرىپى | قومۇل ۋىلايىتى قومۇل شەھىرى | قومۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزى |
| 131 | X - 5 | ئۇيغۇرلارنىڭ چۆرەقۇم مەشرىپى | ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاقسۇ شەھىرى | ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 132 | X - 6 | ئۇيغۇرلارنىڭ قىيت مەشرىپى | تۇرپان ۋىلايىتى، تۇرپان شەھىرى | تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 133 | X - 7 | ئۇيغۇر تاغ مەشرىپى | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 134 | X - 8 | ئۇيغۇرلارنىڭ سۇمۇز مەشرىپى | قومۇل ۋىلايىتى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 135 | X - 9 | ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بېلىق تۇتۇش ئادەتلىرى | ئاقسۇ ۋىلايىتى شايار ناھىيىسى | شايار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 136 | X - 10 | شىنجاڭ خەنزۇلىرىنىڭ مەشەل بايرىمى | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ماناس ناھىيىسى | ماناس ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 137 | X - 11 | باركۆل خەنزۇ مىللىتىنىڭ بايرام ئادىتى | قومۇل ۋىلايىتى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 138 | X - 12 | باركۆل خەنزۇلىرىنىڭ ناۋگى ۋە تەيگېسى | قومۇل ۋىلايىتى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 139 | X - 13 | قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى بالا تەربىيىلەش ئادىتى | ئالتاي ۋىلايىتى قابا ناھىيىسى | قابا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 140 | X - 14 | موڭغۇللارنىڭ زۇل بايرىمى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خوشۇت ناھىيىسى | خوشۇت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 141 | X - 15 | موڭغۇللارنىڭ نادىم بايرىمى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى خېجىڭ ناھىيىسى | خېجىڭ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 142 | X - 16 | تاتار خەلقىنىڭ سابان بايرىمى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تارباغاتاي ۋىلايىتى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى |
| 143 | X - 17 | داغۇرلارنىڭ ۋۇچىبېي بايرىمى | تارباغاتاي ۋىلايىتى چۆچەك شەھىرى | چۆچەك شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 144 | X - 18 | شىنجاڭدىكى ئورۇسلارنىڭ پاسخا بايرىمى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى |
| 145 | X - 19 | مانجۇلارنىڭ ئالتۇن چاچقۇ بايرىمى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى |
| 146 | X - 20 | تاجىكلارنىڭ توي ئادىتى | قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |
| 147 | X - 21 | تاجىكلارنىڭ ئۆلۈم ـ يېتىم ئادىتى | قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت يۇرتى |

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2006 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ھەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

تېلېفون: 13999801409، 4554017 (0991)




# ئاپتور ئەسەر مۇھەررىر

ئەزىزى

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات- نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ كۈندىن- كۈنگە مۇكەممەللىشىشى، بىر قىسىم گېزىت- ژۇرناللارنى تەدرىجىي بازارغا يۈزلەندۈرۈش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى گېزىت- ژۇرناللار ئارىسىدىمۇ ئۆزگىچە رىقابەت مېخانىزمى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ رىقابەت مېخانىزمى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىر قەدەر ئالدىن تونۇپ يەتكەن گېزىت- ژۇرناللار ئاپتورلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سۈپەت ئەۋزەللىكىنى تىكلەش ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بازارغا يۈزلىنىشكە يول ھازىرلاشتىن ئىبارەت جانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىدى. بۇ ھال ئاپتور، ئەسەر ۋە مۇھەررىرلەرگە نىسبەتەن يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ھەر قانداق بىر ئەسەر ئۇنى يازغان قەلەم ئىگىسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداق ئىكەن، ھەر بىر قەلەم ئىگىسىگە نىسبەتەن يازغان ئەسەرلىرىنى مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلدۇرۇش جاپالىق مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەنلىك بولۇپ، ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، ھەربىر قەلەم ئىگىسىنىڭ تەربىيىلىنىشى، يېزىقچىلىق سەۋىيىسى، ئىپادىلەش ماھارىتى، تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بىر قىسىم قەلەم ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئۆزىگە ئەڭ ياخشى يېزىلدى دەپ قارىغان ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنماي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئاپتورلارنى، بولۇپمۇ ياش ئاپتورلارنى بەكرەك گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۆزلىرى بىلىپ- بىلمەي يول قويغان ئەجەللىك نۇقسانلىرىنىڭ مۇھەررىرلەر تەرىپىدىن بايقىۋېلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. نەتىجىدە، مۇھەررىرلەردىن ئاغرىنىپ، ئىجادىيەتتە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. ھەرقايسى كەسىپلەر ئارا كەسپىي ئەخلاق ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەر بىر تەھرىر ھەر بىر ئەسەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما ھەر بىر ئەسەر بىر نەچچە قېتىم تەھرىرلىك

ئۆتكىلىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئەسەردە ساقلانغان يا ئۇنداق، يا مۇنداق نۇقسان ۋە مەسىلىلەر ھامان كۆزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بەزى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يېڭى، قۇرۇلمىسى پۇختا بولسىمۇ، تىل نۇقتىسىدىن ئۆلچەمگە توشمايدۇ. بەزى ئەسەرلەرنىڭ تىلى پىششىق، قۇرۇلمىسى پۇختا بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتە يېڭىلىق كەم. يەنە بەزى ئەسەرلەر يۇقىرىقى تەلەپلەرنىڭ ھەممىسىگە توشقان بولسىمۇ، خاھىش جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس. بۇنداق ئەسەرلەرنى ھەرقانچە تەھرىرلىگەن بىلەنمۇ كۆپ ھاللاردا ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، بەك كۆپ قىزىل قەلەم تەگكەن ئەسەرنىڭ ئانچە تەمى بولمايلا قالماستىن، شۇ ئاپتورنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنىنىمۇ روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، تەھرىرنى قىينايدىغان نۇقتىلار ئاز ئەمەس. كەسپىي ئۆلچەم بويىچە ھەر بىر ئەسەر تۆرلۈك نۇقتىدىن ئىنچىكە كۆزىتىلىشى زۆرۈر. شۇنداق بولغاندىلا، مۇھەررىر ئېلان قىلىنغان ئەسەر ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.

ئۇنداقتا ئەسەر يېزىش ۋە ئۇنى ئېلان قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

تۆۋەندە ئۆزۈم تەھرىرلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغان مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى نۇقتىلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇلارنىڭ ياش ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئاز ـ تولا پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

**1. كۆزىتىش ئۆتكىلى**

قەلەم ئىگىسىنىڭ كۆزىتىش دائىرىسى قانچىكى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بولسا، ئۇ يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ شۇ قەدەر كۆپ ۋە رەڭدارلىقىنى، شۇنداقلا يازىدىغان تېمىلارنىڭمۇ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. نەتىجىدە، تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىش، ئەتراپلىق ماتېرىيال ئىگىلەش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق باشقىلار تېخى بايقىمىغان، ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىلمىيلىكى يۇقىرى ۋە يېڭىلىق كۆپ ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. مانا بۇ، ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى كۈچلۈك، بەلگىلىك ئىجادىيەت ماھارىتىنى ھازىرلىغان، تىرىشىشتىن، ئەسەرنى قايتا ـ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەشتىن زېرىكمەيدىغان ئاپتورلار ئۈچۈن بۇ ياخشى ئەسەر يارىتىشنىڭ ئەۋزەل پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەررىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يېڭىلىق ئىزدەشتىن ئىبارەت. بۇ يېڭىلىق، دەل باشقا ئاپتورلار ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېس قىلىپ يەتمىگەن. چوڭقۇر ئىزدەنمىگەن، ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلىمىغان نۇقتىلاردۇر. ئەگەر سىزنىڭ كۆزىتىش دائىرىڭىز ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىتىش دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىسە، ئۇ ھالدا سىز باشقىلار مېڭىپ بولغان يولدا مېڭىپ قالىسىز ـ دە، يازغانلىرىڭىز مۇھەررىرلەرگە يېڭىلىق ئاتا قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆزىتىشكە ماھىر بولسىڭىزلا يېڭىلىق دېگەن ئەتراپىڭىزدىنلا كۆپ تېپىلىدۇ. ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناس دالې كارنىگ ئەپەندىنىڭ «ھەرە كېپىكىنى ھەرىدىمەيلى» دەيدىغان بىر مەشھۇر سۆزى بار. ئەگەر سىز كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەي، ئىجادىيەتتە ئەستايىدىل بولماي، «ھەرە كېپىكىنى ھەرىدەش»تىن ئىبارەت ئەھمىيەتسىز يولدا ماڭسىڭىز، يازغانلىرىڭىز مۇھەررىرنىڭ دىتىغا ياقمايدۇ. مۇھەررىرگە تۇنجى كۆرۈشتە يېڭىلىق ئاتا قىلالمىغان ئەسەر، ئەلۋەتتە تەھرىرلىك ئۆتكىلىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىلا شاللىنىپ كېتىدۇ. تەھرىر ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە كۆزى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىيەت جەريانىدىكى كۆزىتىش ۋە تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش ياكى بەرمەسلىكىڭىز يازغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ئېلان قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**2. ماۋزۇ ئۆتكىلى**

ئەسەرگە قويۇلغان ماۋزۇنىڭ جەلپ قىلارلىق بولۇش ـ بولماسلىقى، كۆپ ھاللاردا ئەسەرنىڭ تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزىدە ماۋزۇنىڭ ياخشى قويۇلماسلىقى بىلەن ياخشى ئەسەرمۇ مۇھەررىرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدىغان، ئەكسىچە ياخشى قويۇلغان ماۋزۇنىڭ شاپائىتىدىن بەزى دېگەندەك ياخشى يېزىلماي قالغان ئەسەرمۇ مۇھەررىرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ياخشى قويۇلغان ماۋزۇ مۇھەررىرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەسەرنىڭ

چولتا تەرەپلىرىنىڭ ئەستايىدىل تەھرىرلىنىشىگە، ئۇنىڭ
ئىلان قىلىنىشىغا نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى قايسى ژانىردىكى ئەسەر بولۇشـ
دىن قەتئىينەزەر، ماۋزۇغا ئەھمىيەت بېرىش تولىمۇ زۆ-
رۈر. ئەسەرگە قويۇلغان ماۋزۇ بىر قاراشتىلا كىشىنىڭ
مەيلىنى تارتسا، تاتلىق بولسا، مۇھەررىر بولغۇچى چوقۇم
ئۇنى ۋاراقلاپ ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىدۇ ۋە ئامالىنىڭ
بارىچە بۇ ئەسەرنى روياپقا چىقىرىپ، ئوقۇرمەنلەرگە
سۇنۇشنى ئويلايدۇ. مۇھەررىرلىك پىسخىكىسىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، تولا ئىشلىتىلىپ مەززىسى قالمىغان، شوئار خا-
راكتېرىنى ئالغان، جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىز، ئۇقۇم دا-
ئىرىسى تار، مەزمۇنى مۇجمەل، يېقىمسىز ماۋزۇلار ئە-
سەرنى ئاسانلا ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ.

ئەسەرگە قويۇلغان ماۋزۇ بىۋاستە ئاپتورنىڭ تەپەك-
كۇر ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەزى ئاپ-
تورلار ھەر جەھەتتىن ئالغاندا ياخشى ئەسەرلەرنى يازـ
دۇ ـ يۇ، ماۋزۇغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. بەزى ئاپتورلار ھە
دېسىلا باشقىلار تەرىپىدىن كۆپ قوللىنىلغان، ئوقۇرمەنـ
لەرگە يادا بولۇپ كەتكەن ماۋزۇلاردىن ھالقىپ كېتەلمەيـ
دۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، جاپا تارتىپ بىر قازان تاماق ئېتىپ،
تۇزىنى تەڭشەشكە سەل قارىغان بىلەن باراۋەر. تاماق ھەر
قانچە جاپا تارتىپ ئىشلەنسىمۇ، تۇزى جايىدا تەڭشەلمە-
سە، يەنىلا ئادەمنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ قويىدۇ.

### 3. قۇرۇلما ئۆتكىلى

ھەر قانداق ئەسەرنىڭ باشلىنىش قىسمى مۇھەررىرنى
ئۆزىگە جەلپ قىلىش ياكى قىلالماسلىقنىڭ تۇنجى ئۆتكىلى
ھېسابلىنىدۇ. باشلىنىش قىسمى پۇختا، يېقىملىق، راۋان
بولغان ئەسەرلەر بىردىنلا مۇھەررىرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە
تارتىپ، قىزغىن، ئەستايىدىل تەھرىرلىك مۇھىتىغا باشلاپ
كىرىدۇ. نەتىجىدە، كېيىنكى بۆلەكلەردە ئۇچرايدىغان بە-
زى نۇقسانلار مۇھەررىر ئۈچۈن ئانچە چوڭ مەسىلە ھې-
سابلانمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەسەرنىڭ باشلىنىش قىسـ
مىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە
كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ئاپتورلار ئەسەرنىڭ باشلىنىش
قىسمىغا ياخشى ئىشلىسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىكى باغلى-
نىشقا، قۇرۇلما جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈككە سەل قارايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن «باغ»نى چۆرىدەپ باشلانغان ئەسەر،
ئوتتۇرىغا كەلگەندە «چۆل»گە ئۆتۈپ كېتىدىغان، ھەتتا
ئاخىرى «تاغ»قا بېرىپ ئاخىرلىشىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ
چىقىدۇ. بۇ، ئىجادىيەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن باشقا
نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە
ئەھمىيەت بېرىش، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بول-
ىدىغان تەپسىلاتلارنى زورمۇزور يېزىشتىن ساقلىنىش،
زۆرۈر بولمىغان سۆز ئويۇنلىرىغا بېرىلىپ، ئەسەرنىڭ
راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئەسەردىكى تەپسىلاتلارنى
مەقسەتكە لايىق ئىپادىلەش، ئىمكان بار ئىخچام سۆز ـ
جۈملىلەر بىلەن كۆپرەك مەزمۇننى ئىپادىلەشتە ئىنتايىن
مۇھىم. شۇڭا ئاپتورلار كاللىسىدا پىشقان بىرەر ئەسەرنى
يېزىشتىن ئاۋۋال شۇ ئەسەرگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان
ئەسەر قۇرۇلمىسىنى تۈزۈۋېلىشى ۋە شۇ قۇرۇلمىنىڭ ئا-
لاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
تاماملاشقا كىرىشىشى كېرەك. مانا بۇمۇ قەلەمكەشلەرنىڭ
ئىجادىيەتتە بارا ـ بارا چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان
ئاچقۇچلۇق ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ گراммاتىكىلىق، مەنتىقىلىق تە-
لەپلەرگە ئۇيغۇن، ساغلام، راۋان بولۇشى، ئۇقۇملارنىڭ
ئېنىق بولۇشى، سىتات ئېلىنغان ھېكمەت، ماقال ـ تەمسىل
ۋە باشقا مەنبەلەرنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشى ئادەتتە ھەر-
قانداق ئاپتور ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان شەرت، شۇن-
داقلا ھەرقانداق ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان ئەقەللىي تە-
لەپلەر ھېسابلىنىدۇ.

### 4. سۇپەت ئۆتكىلى

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سۇپەت ئۆتكىلى مۇنداق
ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئەسەرنىڭ
ئىچكى جەھەتتىكى سۇپىتى. ئىچكى جەھەتتىكى سۇپەت
ئاپتورنىڭ ساپاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىجادىيەتتە ھەر
ۋاقىت ئۆگىنىش، ئۆزىنى تەربىيىلەشكە سەل قارىماسلىق،
مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش، ئىجادىيەتكە
ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئەسەرگە قايتا ـ قايتا ئىشـ
لەش، ئۆزگەرتىشتىن، پىششىقلاشتىن چارچىماسلىق روھى
ئىجادىيەت جەھەتتە سۇپەتلىك ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلـ
تۈرۈشنىڭ سىرلىق ئاچقۇچى؛ ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ تاشقى

uyghurkitap.com



جەھەتتىكى سۈپىتى. تاشقى جەھەتتىكى سۈپەت ئاساسلىقى ئەسەرنىڭ يېزىلىپ ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى نەشرگە يوللاش جەھەتتىكى سۈپىتىگە قارىتىلىدۇ.

بىر قىسىم ئاپتورلار ئەسەرنى يېزىپ ۋە قايتا ئۈستىدىن ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئاقا كۆچۈرۈشكە ئېرىنىپ، تۈزىتىلگەن، بويالغان، ھەتتا تولۇق رەتلەنمىگەن پېتى مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىشكە ئالدىرايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر تۇنجى قاراشتىلا مۇھەررىرنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن ئەستايىدىل رەتلىنىشى، ئىمكانقەدەر قۇر ئارىلىقى كەڭرەك قەغەزگە (شارائىت يار بەرسىلا ئىش قەغىزىگە) ئېنىق، چىرايلىق كۆچۈرۈلۈشى، تىنىش بەلگىلىرى جايىغا قويۇلۇشى كېرەك. بەزى خېلى ياخشى ئەسەرلەرمۇ ئاپتورنىڭ كۆچۈرۈش جەريانىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلەتمەسلىكى سەۋەبىدىن مۇھەررىرنىڭ ئەسەرنى راۋان ئوقۇش، چۈشىنىش ۋە تەھرىرلىنىشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ، ئېلان قىلىنماي قالىدۇ.

بىر قىسىم ئاپتورلار سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىشى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ جايىدا قويۇلۇشىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما بۇ ئىجادىيەت ئىستىلىدا ياخشى ئادەت ھېسابلانمايدۇ. بىر ماتېرىيالدىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر يازغۇچى مەتبۇئاتقا ئەسەر ئەۋەتكەندە، يۇقىرىقى تەلەپلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىكەن. بۇنى بايقىغان مۇھەررىر يازغۇچىغا خەت يېزىپ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما يازغۇچى، مەن ئەسەر يېزىشنىلا بىلىمەن، بۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى سىزنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن، دەپ جاۋاب يېزىپتۇ. بۇنىڭدىن ئېرىككەن مۇھەررىر، سىز يۇقىرىقى تەلەپلەرنى ئورۇنداپ بەرسىڭىزلا ئەسىرىڭىزنى تولۇقلاپ قويۇشقا مەن تەييار، دەپتۇ. دېمەك، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ مەنتىقىلىق بولۇشى، زۆرۈر تىنىش بەلگىلىرىنىڭ جايىدا قوللىنىلىشى ئەسەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان كۆركى ھېسابلىنىدۇ.

### 5. ئەسەر ئەۋەتىش ئۆتكىلى

بىر قىسىم ئاپتورلار خېلى ياخشى ئەسەرلەرنى يازسىمۇ، لېكىن مەتبۇئاتلارنىڭ خاراكتېرىنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئەۋەتكەن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنماي قالىدۇ. ھەربىر مەتبۇئاتنىڭ ئۆزىگە خاس يۆنىلىشى بولىدۇ. ئاپتورلار ژۇرناللارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلىيەلىسە، ئەسەر ئېلان قىلىش جەھەتتە بەزى ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ژۇرناللار كەسپىي ژۇرناللار، ئۇنىۋېرسال ژۇرناللار، ئىلمىي ژۇرناللار دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئەنە شۇ تۈرلەرگە ئاساسەن ئەسەر ئېلان قىلىش جەھەتتىمۇ بەزى ئەۋزەللىكلەر ۋە چەكلىمىلەر بولىدۇ. كەسپىي ژۇرناللارنىڭ ئەسەر تاللاش دائىرىسى خاسلاشقان بولىدۇ. ئۇنىۋېرسال ژۇرناللارنىڭ ئەسەر تاللاش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولىدۇ. ئىلمىي ژۇرناللارغا بولسا، پەقەت ئىلمىي ئەسەرلەرلا ئىشلىتىلىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىشكە تېگىشلىك ئەسەرنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ئەسەر تاللاش دائىرىسىگە توغرا كېلىشى ناتايىن. «مىراس» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىشكە تېگىشلىك ئەسەرنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا ماس كېلىشى ناتايىن. يۇقىرىقىلارنى نەزەرگە ئالغاندا، ئەسەر ئەۋەتىشتە ژۇرناللارنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى ۋە خاسلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

بىر ژۇرنالنىڭ سۈپەت جەھەتتە قانداق نەشر قىلىنىشى ئالدى بىلەن ئەسەرگە باغلىق. ئەسەر ژۇرنالنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشىدىكى ئاساسلىق مەنبە. ژۇرنال ئەسەردىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ مەنبەدىن ئايرىلسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەسەر قانچە كۆپ ۋە سۈپەتلىك بولسا، ژۇرنال شۇنچە سۈپەتلىك بولىدۇ. سۈپەتلىك ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ژۇرنال ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق، ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئەسەردۇر. ئەسەر ئاپتورلارنىڭ جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان ئاپتورلىرى كۆپ بولغان ژۇرنالنىڭ ئەسەر مەنبەسى مول بولىدۇ. ياخشى ئەسەر مول مەنبەدىن ئايرىلالمايدۇ. دېمەك، ئاپتور، ئەسەر، مۇھەررىر بىر گەۋدىگە ئايلانغاندىلا يۇقىرى سۈپەتلىك ژۇرناللارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەتبۇئاتچىلىق خىزمىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2007 - يىللىق

«مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى»









ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەھمۇد چايلىرى







**مەھمۇد چايلىرى** دۇبەي ئالتۇن كايا گۇرۇھى سېرىلانكىدىن چاي خام ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنى زامانىۋى ئىلغار پەن-تېخنىكا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە سۇنغان ئېسىل سوۋغىسىدۇر. مەزكۇر چاي ھازىر 70 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندا سېتىلماقتا.

25 يىللىق تارىخقا ئىگە مەھمۇد چايلىرى خۇشپۇراق ھەم ئۆزگىچە ئېسىل تەمى بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى مەھمۇد چايلىرىنىڭ جۇڭگودىكى باش ۋەكالەتچىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ چاينى ئىستېمال قىلىش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. مەھمۇد چايلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مېۋە تەملىك چايلاردىن- ئالما، ئابلىسىن، شاپتۇل، گىلاس، قارىقات، بۆلجۈرگەن، ئۈزۈم تەملىكلىرى؛ ئىسسىقلىق دورىلىق چايلاردىن-لاچىندانە، كېنەز چايلىرى يەنە ئەتكەن چايغا باب كېلىدىغان-قىزىل چاي قاتارلىقلار بار. مەھمۇد چايلىرى تەركىبىدە ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ماددىلار بولۇپ، ۋىتامىنى تولۇقلاش، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەممە مەھمۇد چايلىرى ئېسىل سوۋغات بولۇپلا قالماي يەنە سەپەردە ئىستېمال قىلىشقىمۇ قولايلىق. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ۋەكالىتەن سېتىش ئورۇنلىرى بار. سىزنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**شىنجاڭ سابا خەلقئارالىق سودا چەكلىك شىركىتى**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىنخۇا شىمالىي يولى 108 - نومۇر قىزىلتاغ ئەسىر بىناسى 34 - قەۋەت تېلېفون 0991 8888837